
چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دونكىخوت

سېرۋانتېس [ئىسپانىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: غەيرەت ئابىت

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-941-4

9 787806 589410 >

ISBN 7 - 80658 - 941 - 4


باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دونكىخوت

## سېرۋانتېس [ئىسپانىيە]

تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەتتۇرسۇن ئەلى
گۈلجامال مەتىمىن



## 图书在版编目（CIP）数据

唐吉诃德/(西) 塞万提斯 (Cervantes,M.D.) 著；晓健改编；买提吐尔逊·艾力译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7-80658-941-4

Ⅰ.唐… Ⅱ.①塞… ②晓… ③买… Ⅲ.长篇小说—西班牙—中世纪—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1551.43

**中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 037199 号**

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دونكىخوت

---


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت

نەشرىياتىدا بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787 × 970mm 1 / 32 باسما تاۋىقى: 7

ISBN 7-80658-941-4

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

责任编辑：海来提·阿比提

美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对：吐尔洪·吐尼亚孜
艾比布拉·艾力

审　　订：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**唐吉诃德**（维文）

买提吐尔逊·艾力　　译

古丽加玛丽·买买提依明

---

新疆美术摄影出版社出版

新疆新华书店发行

新疆美术摄影出版社制版

新疆新华印刷厂印刷

2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷

开本：787×970 毫米　1/32　印张：7

ISBN 7-80658-941-4

---

定价：7.50元

如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系

电话：0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

مىگۇئېل دې سېرۋانتېس سائاۋېدرا ئىسپانىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچى. ئۇ دېككېنس، فىلوبېر ۋە تولستوي قاتارلىق يازغۇچىلار تەرىپىدىن «ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلەنگەن.

سېرۋانتېس 1547 ـ يىلى ئىسپانىيىنىڭ مادرىد ئەتراپىدىكى ئالاكاد دې ئېنالېس شەھىرىدە تۇغۇلغان. بىز ئۇنىڭ تۇغۇلغان ئاي، كۈنىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز، پەقەت ئۇنىڭ چوقۇندۇرۇلغان كۈنىنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. ئۇنىڭ ئاتىسى ناخشا ئېيتىشقا ماھىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ، ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن ھەمىشە ئىسپانىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى بىرقانچە چوڭ شەھەرلىرىگە قاتناپ تۇراتتى. سېرۋانتېس بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا دادىسىغا ئەگىشىپ جاھانكەزدىلىك تۇرمۇشىنى باشلىغان بولۇپ، بۇنداق كۆچمەنلىك تۇرمۇشى ئۇنىڭدا قەيسەرانە روھنى يېتىلدۈرگەنىدى.

سېرۋانتېس نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن؛ ئەسكەر بولغان، ئۇرۇشقا

قاتناشقان ۋە يارىلانغان؛ يەنە تېخى نەچچە قېتىم تۈرمىگە تاشلانغان، تۈرمىدىن قېچىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھەممىلا قېتىمدا مەغلۇپ بولغان؛ جان بېقىش ئۈچۈن ھەربىي تەمىنات يىغقۇچى ۋە باج خادىمى بولغان، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ھېكايە ـ رومانلارنى يازغان. ئۇنىڭ «دونكىخوت» ناملىق رومانى نەشر قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ۋەھالەنكى، تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىك ئۇنى ھەرگىز باش ئەگدۈرەلمىگەن، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ تاۋلىغان. گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈش ـ ئىنتىلىشلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

سېرۋانتېسنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شېئىرى پادىشاھ فىلىپ II نىڭ ئۈچىنچى خانىمى ئىلزابىت دې ۋالويىس خانىشقا بېغىشلانغان بىر كۇپلېت سونېتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئانچە يۇقىرى سەۋىيىلىك بولمىغان بۇ مەشىق ئەسىرى تەخمىنەن 16 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان. بۇ يىللار فىلىپ II خانىدانلىقىغا نىسبەتەن تولىمۇ بەختسىز چاغلار ئىدى. ياش خانىش ئىلزابىت ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى شاھزادە تۇغۇلۇپلا چاچراپ كېتىدۇ. بىردىنبىر تەخت ۋارىسى دادىسىغا قارشى تۇرۇشنى پىلانلىغىنى ئۈچۈن نەزەربەند قىلىنىدۇ ۋە تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. خان ئوردىسىدا كىرىزىس يۈز بەرگەن مۇشۇنداق پەيتتە، سېرۋانتېس خانىش

ئىلىزابىتنى ياد ئېتىدىغان بۇ شېئىرنى يازىدۇ.

يېڭى تىرىكچىلىك يولى ئىزدەش مەقسىتىدە، سېر-ۋانتېس ئىتالىيىگە بارىدۇ ۋە 1569 ـ يىلى ئىتالىيىدە ئار-مىيىگە قاتنىشىدۇ. ئۇ چاغلاردا، ئىتالىيە ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى ۋە شانلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈل-لەندۈرۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپانىيىدە كاتتا شۆھ-رەتكە سازاۋەر بولغانىدى، ئىسپانىيىدىكى ئاددىي ئەسكەر-لەرمۇ ئىتالىيىنى راھەت ـ پاراغەتلىك زېمىن دەپ قارى-شاتتى. سېرۋانتېسنىڭ ئىتالىيە سەپىرى ئۇنىڭ تۇرمۇ-شىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بىر ئەسكەر سۈپىتىدە، سېرۋانتېس ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرانە روھىنى نامايان قىلىدۇ.

1571 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەشھۇر لىپانتو دېڭىز ئۇرۇشى پارتلايدۇ. ئۇ كۈنى سەھەردە سېرۋانتېس قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، مىلتىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ كېسەل پېتىلا ئۇرۇشقا ئاتلى-نىدۇ ۋە تەڭداشسىز قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇرۇشتا ئۇنىڭ كۆكرەك قىسمى يارىلىنىدۇ، سول قولى چولاق بو-لۇپ قالىدۇ، شۇ سەۋەبتىن كېيىنكىلەر ئۇنى «لىپانتولۇق چولاق» دەپ ئاتىشىدۇ. يارىسى ساقايغاندىن كېيىنكى بىر-نەچچە يىلدا، ئۇ ئىزچىل تۇردە ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدۇ، نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشلارغا قاتنىشىدۇ، سىتسىلىيە ئارى-لىنىڭ باش ۋالىيسى ھەم فىلوت قوماندانى، ئىسپانىيە

پادىشاھى فىلىپ II نىڭ ئىنىسى دون خۇئاننىڭ تەقدىر-لىشىگە ئېرىشىدۇ.

سېرۋانتېس باتۇر ھەم جەڭگە ماھىر بولغىنى ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىدۇ. 1575 ـ يىلى ئۇ ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا، دون خۇئان سېرۋانتېسنى پادىشاھقا تونۇشتۇرۇپ، ئۆز قولى بىلەن بىر مەكتۇپ پۈتۈپ بېرىدۇ. شۇڭا سېرۋانتېس ئەينى چاغدا گۈزەل كېلەچەككە تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، بىراق قېرىشقاندەك ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلمەيدۇ، ئۇ-لارنىڭ پاراخوتى دېڭىزدا تۈركىيە دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۇلار ئالجىرىيىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇنى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدىغان ھېلىقى مەكتۇپ ئۇنىڭغا بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. تۈركىيە-لىكلەر ئۇنى مۇھىم ئەرباب دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن غايەت زور مىقداردا تۆلەم تەلەپ قىلىدۇ. سېرۋانتېسنىڭ بۇنچە كۆپ پۇلنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېرۋانتېس ئالجىرىيىدە قامىلىدۇ. ئالجىرىيىدە ئۇ قۇل-لۇق تۇرمۇشنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى باشتىن كەچۈرى-دۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەرگىز تەقدىرگە تەن بەرمەيدۇ، يات مىللەتنىڭ قۇل قىلىشىغا ئەسلا بويسۇنمايدۇ. سېرۋانتېس باشقا مەھبۇسلار بىلەن بىرلىشىپ تۆت قېتىم قېچىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، بىراق ھەر قېتىمدىلا مەغلۇپ بولىدۇ. ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز

ھەمراھلىرىنى ئاشكارىلاشنى قەتئىي رەت قىلىپ، قورق-ماس ــ مەردانە روھىنى نامايان قىلىدۇ. ھەتتا ۋەھشىي ئال-جىرىيە پادىشاھىمۇ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ. سېرۋانتېس بەش يىل قامالغاندىن كېيىن، 1580 ــ يىلى 9 ــ ئايدا ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

بۇ چاغدا ئىسپانىيە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كرىزىسقا دۇچ كەلگەن، ھەربىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئارقا ــ ئارقىدىن مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغان بو-لۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە بولۇشتەك ھەيۋىسى ئاللىقاچان يوقالغانىدى. دۆلەت ئىچىدە مەھكىمە شەرئى خەلققە ئېغىر زىيانكەشلىكلەرنى قىلىۋاتاتتى. دۆ-لەت ئىچى ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، سېرۋانتېسنىڭ جەڭلەردىكى قەھرىمان-لىقلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇنلا ئۇنتۇلۇپ، ئەينى چاغدىكى بۇ قەھرىمانغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. يوقسۇللۇق ئىلكىدە قالغان سېرۋان-تېس تەرەپ ــ تەرەپكە قاتراپ خىزمەت ئىزدىگەچ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. «كومېدىيە ۋە پەردە ئا-رىلىقىدىكى ئېتوتلار» بىلەن يېزا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن «كالادېيا» ناملىق ھېكايىسى دەل مۇشۇ مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرى ئىدى. 1584 ــ يىلى ئۇ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقە-سىدىن بولمىسىمۇ، ئەمما ھۆرمەتكە سازاۋەر ھاللىق ئا-

ئىلىنىڭ قىزى بولغان كاترىنا دې سالسار ئى پراشىئوس بىلەن توي قىلىدۇ. ئەمما ئۇ نىكاھتا بەختلىك بولالماي، ئايالى بىلەن ئۇزۇنغىچە ئايرىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئەينى چاغدا قەلەم ھەققى بەكلا تۆۋەن بولغاچقا، سېر-ۋانتېسنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ مۇقىمسىزلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. 1587 ـ يىلى ئۇ نائىلاج تەڭداشسىز دېڭىز فلوتى ئۈچۈن ھەربىي تەمىنات يىغقۇچى بولۇپ، پۇتكۇل ئاندالۇزىيە رايونىدا ئۇ-نىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمايدۇ. 1594 ـ يىلى ئۇ يەنە گرانادا چېگرىسىدا باج يىغقۇچى بولىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئۇ يەنە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەچچە قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، بىراق ھەممىلا قېتىمدا تۈرمىدىن قىسقا ۋا-قىت ئىچىدىلا يېنىپ چىقىدۇ. سېرۋانتېس «دونكىخوت»نىڭ بىرىنچى تومى ئۈستىدە دەل سېۋىلىيە تۈرمىسىدىكى چاغلاردا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. 1605 ـ يىلى «دونكىخوت» رو-مانىنىڭ بىرىنچى تومى نەشر قىلىنىپ، ئالەمشۇمۇل ئۇ-تۇقنا ئېرىشىدۇ، بۇ رومان بىر يىل ئىچىدىلا يەتتە قېتىم قايتا بېسىلىدۇ ھەمدە ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. 1614 ـ يىلى سېرۋان-تېس «دونكىخوت» رومانىنىڭ ئىككىنچى تومىنى يېزىپ 59 ـ بابقا كەلگەندە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ نامىدا «دونكى-خوت»نىڭ داۋامىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، ئەسلىي ئە-سەرنى بۇرمىلىۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىگىمۇ زەھەرخەندىلىك

بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قالتىس بەدىئىي تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، بەدىئىيلىك ھەم ئىدىيۋىلىك جەھەتتىن تېخىمۇ پىشقان ئىككىنچى تومىنى تېزلىك بىلەن يېزىپ تاماملايدۇ. ئىككىنچى يىلى، يەنى 1616 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن مادرىدتىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

# بىرىنچى بۆلۈم

## رىتسار زېمىندار

بۇرۇنقى زاماندا لامانچا دېگەن جايدا ياشايدىغان بىر ئىسپانىيىلىك زېمىندار بار ئىدى.

ئۇ تولىمۇ غەلىتە مىجەزلىك ئادەم بولۇپ، كۈنلىرىنى ياكى كىتابخانىسىدا كىتاب كۆرۈش بىلەن، ياكى شىكارغا چىقىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېتىز - ئېرىق ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن زادىلا كارى بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەڭ خۇش بولىدىغان ئىشى كىتابخانىسىغا بېكىنىپ ئولتۇرۇپ رىتسارلار ھەققىدىكى رومانلارنى ئوقۇغاچ، تامغا ئېسىقلىق تۇرغان قالقان بىلەن نەيزىدىن ھوزۇرلىنىش ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ خىيالىدا بىر بۈيۈك رىتسارغا ئايلىناتتى - دە، جەڭگە ئاتلىناتتى.

«رىتسار»نىڭ بىر ئېتى ۋە بىر ئۇۋ ئىتى بار ئىدى، چۈنكى، ئۇ بۇلارنى رىتسارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلىرى دەپ تونۇيتتى. ئۇ مالايلارنىڭ ئاتنى ئاچىقىپ ئىشلىتىشىگە يول قويمايتتى، ئەكسىچە ئات بىلەن ئىتنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ باقاتتى. بىراق ئۇ ئات قانداقلا باقمىسۇن يەنىلا ئورۇقلۇقىدىن بەئەينى ئىسكىلىتتىنىلا ئەسلىتەتتى،

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىگىسى ئۇنى يەنىلا ئىبىسىل تۇلپار دەپ قارايتتى.

ئات ئورۇقلۇقتا بەئەينى ئىگىسىنىلا تارتقانىدى. بۇ زېمىندارنىڭ ئورۇق ـ ئاۋاقلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى كۆرسەكلا بىلگىلى بولىدۇ، ئۇ چۈشتە ھەمىشە ئازغىنە بىر پارچە قوي گۆشى بىلەن بىرنەچچە خىل گۆشسىز قورۇما يەيتتى. كەچلىك تامىقىغا كەلسەك، ئازغىنا كۆكتات سالات دېگەندەك نەرسىلەرلا بولاتتى. بىراق مۇشۇ نەرسىلەر ئۈچۈنمۇ بۇ زېمىندارنىڭ بارلىق كىرىمى دېگۈدەك سەرپ بولۇپ تۈگەي دەپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ ئۆ- زىنىڭ غورىگىل كۆڭلىرى ئۈچۈن قىلچە ۋايىم يېمەيدى- غاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىرىق نەچچە ياشلاردىكى بىر ئايال غوجىدار بىلەن ئون نەچچە ياشلاردىكى جىيەن قىزى ۋە قارا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئەر چاكار بار ئىدى.

ئەللىك نەچچە ياشلاردىكى بۇ زېمىندارنىڭ ئىسمى كىخادامۇ دېيىلەتتى، كەيساندامۇ دېيىلەتتى. زادى قايسى- نىڭ ئۇنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ بې- رەلمەيتتى. بولدى، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى سۆزلىمەيلا قويايلى. ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ رىتسارلار ھەققىدىكى رومانلارنى ئوقۇشنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ



كىچىنى كىچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي رومان ۋەقەلىك-لىرى ئىچىگە غەرق بولۇپلا كېتەتتى. ئۇ توختىماي ئو-قۇيتتى، داۋاملىق ئوقۇيتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇ بارا ـ بارا ئەقلى ـ ھوشىدىن ئازايلا دەپ قالدى، ئۇنىڭ كاللىسى ئۆت-كەن ئەسىرگە تەئەللۇق نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن-دى. ئاللىقانداق مەلىكە، رىتسار، ئەلەم ماھارىتى مۇسابى-قىسى، جادۇگەر ـ ئالۋاستى دېگەندەك نەرسىلەر ۋە باشقا بىمەنە ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپلاۋالغانىدى. ئۇ بۇ-لارغا خۇددى ئۆزىگە ئىشەنگەندەكلا ئىشىنەتتى.

ئاخىر بىر كۈنى ئۇ ھەقىقىي بىر «رىتسار» بولۇپ، پۈتكۈل ياۋروپانى ئايلىنىپ، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، رىتسارلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا بەل باغلىدى، ئۇ ئۆزد-ىنىڭ ئەڭ باتۇر رىتسارغا ئايلانغانلىقىنى ۋە پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى غىل ـ پال كۆرگەن-دەك بولدى. ئۇنداقتا، بىرىنچى قەدەمدە نېمە قىلىش كې-رەك؟ ئۇ ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن ساندۇقنىڭ تېگىدىن بىر دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ بوۋىسىدىن ياكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بوۋىسىدىن قالغان بولسا كېرەك. ئىشقىلىپ بۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇت ئاسارئەتى-قىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتتىكى داغ-لارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى سۈرتۈپ چىقتى. نۇرغۇن قېتىملىق سۈرتۈپ ـ يۇيۇشلار-

دىن كېيىن دۇبۇلغا ـ ساۋۇت ئاۋراق ئىسكەتكە كىرگەندەك بولدى.

— پاھ، قالتىسقۇ! — دېدى ئۇ ئەيىنەكتىن ئۆزىنىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلۇق تۇرقىنى كۆرۈپ. بىراق ئارقىدىنلا ئۇ بۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنىڭ بەكلا كونىراپ كەتكەنلىكىنى، يۈزلۈكنىڭ ئاللىقاچان قەيەرگىدۇر غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرمۇنچە كاللا قاتۇرۇپ، قاتتىق قەغەزدىن بىر يۈزلۈك ياساپ ئۇنىڭغا بېكىتىپ قويدى.

— مۇشۇنداق بولغاندا يارىلىنىشتىن ساقلانغىلى بو-لۇر ھەقاچان؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە زور ئىشەنچ بىلەن شەمشەر ئۇرۇۋىدى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ياسىغان يۈزلۈك كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈزلۈكنىڭ كەينىگە بىر تۆنىكە پارچىسىنى بېكىتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاخىر يۈزلۈكمۇ پۈتۈپ قالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئېتىنى ئەسكە ئالدى ـ دە، ئې-غىلغا كىرىپ، ئۇ يەردە توپتوغرا تۆت كۈن ئولتۇرۇپ ئۇ-نىڭغا نېمە دەپ ئىسىم قويۇش توغرىسىدا ئويلاندى. بىر رىتسارنىڭ ئېتىنىڭ ئەلۋەتتە ئۆز سالاھىيىتىگە يارىشا ئىسمى بولۇشى كېرەكتە. ئەڭ ئاخىر ئۇ ئۆز ئېتىغا

«روسنانت» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇنىڭچە، بۇ ئىسىم بۇ ئاتـ. نىڭ ئىلگىرى بىر قاشاڭ ئات ئىكەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە بولسا تېپىلغۇسىز ياخشى ئاتقا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈ. رۈپ بېرەتتى.

ئەڭ ئاخىردا بىزنىڭ بۇ «ھۆرمەتلىك» «رىتسارىمىز» ئۆزىگە «دونكىخوت» دېگەن بىر يېڭى ئىسىمنى قويدى، شۇنداقلا يەنە كېيىنكى كۈنلەردە زور تۆھپىلەرنى ياراتقان چېغىدا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ يۇرتىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۆز فامىلىسىنىڭ ئاخىرىغا يۇرتىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى «دونكىخوت دې لا مانچاۋى» بولدى. كۆپچىلىككە ئايان بولغايكى، «دون» دې. گەن بۇ سۆز ھەم شان ـ شەرەپ دېگەن مەنىدە، ھەم رىتسار دېگەن مەنىدە ئىدى.

ئۇ مېنىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتۇم، قورالىم، قالتىس ئىسـ. مىم، چىرايلىق ئىسمى بار ئېتىم بار بولدى، ئەمدى...مې. نىڭ يەنە بىر سۆيۈملۈك مەشۇقۇم بولۇشى كېرەك، مەن جاھان كەزگەن چاغلىرىمدا ئۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ ئې. لىشىشىم زۆرۈر دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاخىر تېنى ساغلام، ئەمما تەقى ـ تۇرقى كۆرۈمسىز دېھقان قىزىدىن بىرنى مەشۇقلۇققا تاللىدى.

— دۇرۇس، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن سۆيۈملۈك قىز زادىلا بولمىسا كېرەك! بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى دولسىنېيە

مەلىكە دەپ ئاتاي، — دېدى ئۇ.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى. بىزنىڭ رىتسارىمىز ئە-يۈلنىڭ بىر ئەتىگىنى دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، روسنانتقا مىنىپ، نەيزە ۋە قالقىنىنى ئېلىپ ئارقا ئە-شىكتىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

«ۋاھ، ھەممە ئىشنىڭ بۇنداق ئوڭۇشلۇق بولىدىغان-لىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن» دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى ئۇ. بىراق شۇ زاماتلا ئۇ ئەڭ مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئەسلىدى، يەنى رىتسار-لىق يولىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە بىر رىتسارغا چوقۇم پادىشاھ تەرىپىدىن ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا باشقا رىتسارلار بىلەن كۈچ سىنىشىش سالاھىيىتى بولمايتتى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە نۇرغۇن رومانلاردا رىتسارلارنىڭ يول ئۈستىدە تۇنجى يو-لۇققان رىتسارنى ئۆزلىرىگە ئۇنۋان بېرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقى يېزىلغانلىقىنى ئەسكە ئالدى ـ دە، غەم ـ غۇسسىسىزلا يولىغا راۋان بولدى.

توپتوغرا بىر كۈن ئۆتتى، خاتىرىلىگۈدەك ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. رىتسار شۇ چاغدىلا رېئاللىقنىڭ تە-سەۋۋۇردىكىگە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز بەل قويۇۋەت-مىدى، بەلكى ئالدى بىلەن بىرەر قورغاننى تېپىپ ئۆزىمۇ

دەم ئالماقچى، روسنانتىنىمۇ ئارام ئالغۇزماقچى بولدى.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇ بىر قورغاننى كۆردى (ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاددىيغىنا بىر ساراي ئىدى). ئۇ قورغان دونكىخوت كىتابتا كۆرگەن قورغان بىلەن ئوخشاش ئىدى: تۆت بۇلۇڭىدىكى كۆزىتىش مۇنارلىرىدا رەڭدار تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەپ تۇراتتى، قورغان سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا كولانغان خەندەك ئۈستىدىكى ئاسما كۆۋرۈك ئاستا چۈشۈرۈلدى، رىتسارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن چېلىنغان بۇرغا سادالىرى ياڭرىدى.

ئۇ ئالدىراپ ئېتىنى دېۋىتقىنىچە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ساراي ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئىككى پاھىشىنى كۆردى ـ دە، قاتتىق قەغەز يۈزلۈكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن:

— ھۆرمەتلىك خانقىزلار، مەن بىر رىتسار، خانىم ـ قىزلارغا ئەدەپسىزلىك قىلمايمەن، سىلەردەك مۆتىۋەر ئائىلىنىڭ قىزلىرىغا تېخىمۇ شۇنداق، شۇڭا ...، — دېدى.

ئۇنىڭ ئالىجوقا سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پاھىشىلەر ئۆزلىرىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن دونكىخوتنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، «ساھىبجاماللار دېگەن سۆز ھەرىكەتتە ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن بولىدىغان، تەپ تارتماستىن بۇنداق كۈلۈش ساراڭلىقتۇ» دەپ ئويلىدى.

بۇ چاغدا «خانقىز»لارنىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

سىمىز سارايۋەن كۆلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ چىقىپ كەلدى، ئۇ دونكىخوتنىڭ ساراڭلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قوغلىۋەتمەكچى بولدىيۇ، ئۇنىڭ قولىدىكى نەيزىنى كۆرۈپ، سەل قورقۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

— ئى باتۇر رىتسار! سىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭىزدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمۋاتىمەن، ناۋادا سىز خالىسىڭىز ئاتتىن چۈشۈپ، بۇ ئاددىي كەپىمىزدە ئارام ئالغايسىز، — دېدى.

بۇ كىشىنى قورغاننىڭ خوجىسى دەپ ئويلىغان دونكىخوت ئالدىراپ ـ تېنەپلا جاۋاب بەردى:

— ئۇنداق بولسا مۆھتەرەم خوجايىن، مېنىڭ بۇ تۇلپارىمغا ياخشى قاراپ قويارسىز.

— ۋاي خۇدايىمەي، مۇشۇمۇ تۇلپار بولدىمۇ ئەمدى؟ — دېدى سارايۋەن ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئارقىدىنلا دونكىخوت ئۆزىنىڭ كەچلىك تامىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كەچلىك تامىقى بىر پورس بېلىقى بىلەن ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىدەك چوڭلۇقتىكى ھەم قارا، ھەم كۆكىرىپ كەتكەن بولكا ئىدى، ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى يېشىش بەك تەس بولغاچقا، بىر قولىدا يۈزلۈكنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— بۈگۈن ئىنتايىن ئامەتلىك كۈن بولدى، چىرايلىق

قورغانغىمۇ يېتىپ كەلدىم، نازۇ نېمەتلەرگىمۇ ئېغىز تەگدىم، — دېدى دونكىخوت ئۆز ـ ئۆزىگە.

بىراق ئۇنىڭغا تېخىچە رىتسارلىق ئۇنۋانى بېرىلمىگەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلى تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى.

## رىتسارلىق ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىش

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، دونكىخوت سارايۋەننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— خوجايىن جانابلىرى! مېنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشىم بار ئىدى، ياردەم قىلغايسىز، — دېگىنىچە سارايۋەننىڭ ئايىغىغا تىزلاندى. سارايۋەنمۇ دەررۇلا ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى ۋە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— مەن بىر جاھان كەزگۈچى، ماڭا رىتسارلىق ئۇنۋانى بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۈگۈن كېچە مەن قورغىنىڭىزنىڭ ھويلىسىدا تۈنەيمەن، ئەتە ئەتىگەن ماڭا ئۇنۋان بەرگەيسىز!

سارايۋەن بۇ ساراڭدىن بىزار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلىچ ـ نەيزىسىدىن قورقۇپ، ھويلىدا تۈنەشىگە ماقۇل بولدى.

كەچتە دونكىخوت دۈبۈلغا ـ ساۋۇتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ ھويلىدىكى نونىڭ يېنىغا قويدى ـ دە، تۈنەكنى باشلىدى، دەسلىپىدە ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى، بىراق

يېرىم كېچە بولغاندا بىر قېچىرچى نودىن سۇ ئالغىلى كېلىپ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى بىر ياققا ئىتتىرىپ قويماقچى بولدى، بۇنى كۆرگەن دونكىخوت دەررۇ ۋارقىردى:

ـــ هۇ قاپ يۈرەك تەلۋە، دەرهال قولۇڭنى تارت، ئۆز جېنىڭغا ئاگاھ بول!

قېچىرچى بۇ ساراڭنىڭ گەپلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماستىن دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى يىراققا چۆرۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن رىتسارنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ـ دە، قالقىنىنى تاشلاپ، نەيزىسىنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، قېچىرچىنىڭ كاللىسىغا كەلتۈرۈپ بىرنى قويۇۋىدى، قېچىرچى شۇ زاماتلا يەر چىشلىدى.

قېچىرچىلار بۇ ئادەمنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۆزلىرىنىڭ بىر ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تاشلارنى دونكىخوتقا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى.

ـــ كۆپچىلىك ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار، ئۇ دىگەن بىر ساراڭ، ئۇ بىزنى بىرىمىزنىمۇ قالدۇرماي ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ سوتچى ئۇنىڭ گۇناھىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ!ـــ دەپ ۋارقىردى سارايۋەن ئالدىراپ ـ تېنەپ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قورقۇنچاقراق قېچىرچىلار كەينىگە يېنىشىپ تاش ئېتىشتىن توختىدى.

ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان دونكىخوت سارايۋەندىنمۇ

يوقىرىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى:

— كېلىشە! ھەرقايسىڭغا پېقىر بىلەن قارشىلىشىشنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قوياي!

— باتۇر رىتسار، سەۋر قىلسىلا، مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرەي، — دەپ ئۆتۈندى سارايۋەن. شۇ چاغدىلا دونكىخوت ئۆزىنىڭ ساراڭلارچە قىلىقلىرىنى توختاتتى.

سارايۋەن قولىغا بىر ھېساب دەپتىرىنى ئېلىپ دونكىخوتنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئەستايىدىللىق بىلەن دونكىخوتنى تىزلىنىشقا بۇيرۇپ، ھېساب دەپتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ سىپايىگەرلىك بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى.... ياندا تۇرغان بىرەيلەن ئۇشتۇمتۇتلا پىخخىدە كۈلۈپ تاشلىدى، دونكىخوت بىر ئالىيىۋىدى، كۆپچىلىك قورققىنىدىن ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇشتى.

مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، رىتسار ئالدىراشلا ئېتىغا مىنىپ سارايۋەن بىلەن خوشلىشىپ، ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. سارايۋەن دونكىخوتنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكەندىلا ئاندىن يېنىك تىن ئالدى.

دونكىخوت ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر رىتسارغا ئايلانغىنىنى ئويلاپ، چەكسىز ھاياجانغا چۆمدى.

— رىتسار بولۇش ئۈچۈن يەنە نېمىلەر زۆرۈر؟ بىر-

دىنلا ئۇ ھېلىقى سارايۋەننىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى.

— رىتسارغا بىر خىزمەتكار، ناھايىتى نۇرغۇن پۇل، پاكىز كۆينەك، قۇتا ـ قۇتىلاپ مەلھەم دورا كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سارايۋەننىڭ دېگىنىگە ئەمەل قىلماقچى بولۇپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، لامانچاغا قاراپ يول ئالدى.

بىرپەستىن كېيىن، يول بويىدىكى ئورمانلىقتىن نالە ـ پەرياد ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇنى نام چىقىرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ئويلىغان دونكىخوت ناھايىتى خۇشال ھالدا ئورمانلىققا قاراپ يۈگۈردى. ئورمانلىقتا تەمبەل بىر دېھقان 15 ـ 16 ياشلاردىكى بىر بالىنى يوغان بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخىگە باغلاپ قويۇپ، ئۇزۇن بىر قامچا بىلەن ساۋاۋاتاتتى، ھېلىقى بالا ئاغرىق دەستىدىن نالە ـ پەرياد قىلىۋاتاتتى.

— ھۇ بەتبەخت، سېنىڭ نەرىڭ رىتسارغا ئوخشىسۇن، ئەدىپىڭنى راسا بىر بەرمىسەم! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى دونكىخوت.

دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن بىرسىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولۇپ ئۆزىگە نەيزە تەڭلەپ ھەيۋە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دېھقان ئالدىراپ ـ تېنەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— خاتا چۈشىنىپ قاپسىز ئەپەندىم، بۇ بالا ئائىلىمىزنىڭ پادىچىسى، نېمە ئۇچۇنكىن، ئۇ ھەر كۈنى مېنىڭ

بىردىن قويۇمنى يىتتىرىۋېتىپ بارىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇنى جازالاپ قويسام، ئۇ مېنى ئىش ھەققىمنى بەرمىدىڭ دەۋاتىدۇ، سىزنىڭچە ئۇ ئۆلۈمگە لايىقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ھېلىقى بالىنى يەنە قاتتىق بىر قامچا ئۇردى.

— ھۇ ئىپلاس، ئەگەر ساڭا جان كېرەك بولسا، قورۇق گەپنى ئاز قىلىپ بالىنى قويۇۋەت، ئۇنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان ئىش ھەققىنىمۇ بېرىۋەت، — دېدى دونكىخوت.

— ئە...پەندىم، — دېھقان يەنە بىرنەرسە دېيىشنى ئويلىدىيۇ، دونكىخوتنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، بالىنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

— ئىپسىگدە بولسۇن، مەن جاھاندىكى ئەڭ باتۇر رىتسار، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما! — دېدى دونكىخوت كۆرەڭلىگەن ھالدا. قانداقلا بولمىسۇن، رىتسارلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپلا خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى.

بىراق ئۇ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى دېھقان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى. ئۇ رىتسارنىڭ ئورمانلىقتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا بالىنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇپ، سوغۇق كۈلگىنىچە:

— بالام، خاتىرجەم بول، مەن رىتسارنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، سېنىڭ ئىش ھەققىڭنى بېرىمەن، — دېدى.

— شۇنداق قىلىڭ، بولمىسا ھېلىقى رىتسار سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ھېلىقى بالا.

— ئۇنداق بولسا چاتاق بولىدۇ، — دېدى دېھقان قورقۇ-قاندەك قىياپەتتە، — مەن سېنى ياخشى كۆرگەچكە، ساڭا جىقراق قەرز بوپ تۇراي، كېيىن بىراقلا قايتۇرارمەن. ئۇ شۇ گەپلەرنى دېگەچ قامچىسىنى ئوينىتىپ بالىغا قاتتىق بىر قامچا سالدى. بىچارە بالا ئاغرىققا چىدىماي ھوشىدىن كەتتى، بۇ ئېھتىمال دونكىخوتنىڭ «ناھەقچىلىكنى كۆرسە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا ئامراقلىقىنىڭ» كا-ساپىتى بولسا كېرەك.

خوش، ئەمدى سۆزىمىزنى يەنىلا كۆرەڭ رىتسارىمىز ئۇستىگە قايتۇرۇپ كېلەيلى! ئۇ ئېتىغا مىنىشى بىلەنلا، قايتىشقا تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغان ئات ماكانىغا قاراپ ئۇچقاندەك يورۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا، تۇساتتىن ئۇ يىراقتا كېلىۋاتقان بىر توپ مۇرسىيلىك يىپەك سودىگەرلىرىنى كۆرۈپ قالدى. بىراق دونكىخوت ئۇلارنى بىر توپ رىتسارلار دەپ ئويلاپ، كۆڭ-لىدىن «تەڭرىم ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، كارامىتىمنى كۆرسىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، بىراقلا داڭقىم چى-قىپ كېتەمدۇ تېخى» دېگەنلەر كەچتى ـ دە، ئاتنىڭ تىز-گىنىنى تارتىپ، كۆكرىكىنى كېرىپ ئولتۇردى.

دونكىخوت ئۆلارنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— پۈتۈن دۇنيادىكى قىزلارنىڭ دولسىنېيە مەلىكە-نىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىساڭلار، بۇ يەردىن ئۆتىمىز دەپ خام خىيال قىلما-ماڭلار!

سودىگەرلەر بىر - بىرىگە سىرلىق قارىشىپ، بىر ساراڭغا يولۇققانلىقىنى پەملەشتى - دە، ئايلىنىپ ماڭ-ماقچى بولۇشتى، سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ قې-لىشتى، يولدا پەقەت دونكىخوت قالدى.

بۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ ئىشلار مېنىڭ بىر بۈيۈك رىتسار ئىكەنلىكىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇغۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ شېئىر يادلاشقا باشلىدى، ئەلۋەتتە بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ كىتابلاردىن ئوقۇۋالغانىدى:

گۈزەل يارىم قايدىسەن؟
نېچۈن ھالىمغا يەتمەيسەن؟
................

شۇ ئەسنادا بىر دېھقان كېلىپ قالدى، ئۇ تۇرقى غە-لىتە، توختىماي بىرنەرسىلەرنى ئوقۇۋاتقان بۇ ئادەمنى

كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەغەز يۇزلۇكىنى ئېھتىيات بىلەن ئۇستىگە قايرىدى ـ دە، چۆچۈپلا كەتتى، بۇ كىشى دەل ئۇنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغان خوجايىنى كىخادا ئەپەندى ئىدى.

— ئەپەندى، ئەپەندى، كىخادا ئەپەندى، — دېھقان ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاچ، يۈزىگە كاچاتلاپ بېقىپ، خوجايىنىنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۇنى ئاتقا ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

## ئىككىنچى قېتىم سەپەرگە چىقىش

دېھقان دونكىخوتنى ئېلىپ ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پوپ بىلەن ساتىراشخانا خوجايىنىمۇ دونكىخوتنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئەزەلدىنلا دونكىخوت بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. بۇ قېتىم ئۇلار دونكىخوتنىڭ جىيەن قىزى بىلەن ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىلىق سۆزلەشكىلى كەلگەنىدى.

كۆپچىلىك دونكىخوتنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېنىك نەپەس ئېلىشتى. بۇ چاغدا دونكىخوت ئېغىر يارىلانغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۆزىنىڭ تېخى ھېلىلا ئون گىگانت مەخلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ ماختىنىپلا كەتتى.

پوپ، ساتىراشخانا خوجايىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ-لۇغ ـ كىچىك تىنىشتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار دونكىخوتنىڭ ئۆيىگە يەنە كېلىشتى.

تاڭ سەھەر، بىزنىڭ بۈيۈك رىتسارىمىز تېخى ئۇخلاۋاتاتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ كىتابخانىسىغا ئاستاغىنە كىرىپ كەلدى. ئۇلار يۈز پارچىدىن ئارتۇقراق نەپىس مۇقاۋىلىق كىتابنىڭ كىتاب جازىسىغا تىزىقلىق تۇرغانلىقىنى، يەنە نۇرغۇن كىتابچىلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈشتى.

پوپ ئۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى بىر ـ بىرلەپ تەك-شۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆيدۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك-لىرىنى ئايرىماقچى بولدى.

پوپ «ئامادىس دى كائۇلا» دېگەن بىر كىتابنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

— بۇ دېگەن بارلىق رىتسارلىق رومانلىرىنىڭ بوۋى-سى بولغاچقا ئۇنى كۆيدۈرۈش كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىرچە كۆيدۈرمەي-لى، ئەتراپتىكى باشقا كىتابلارنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.

ئەمدىكىسى «ئېسپلاندئان» دېگەن كىتاب ئىدى. ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ كىتابنى كۆيدۈرۈش ئۈ-چۈن ئارقا ھويلىغا تاشلىدى.

— ماۋۇسى «يۇنانلىق ئامادىس» ئىكەن، يەنە تېخى ماۋۇ-لارمۇ شۇنداقكەن.

— بۇنىڭدىكى ھېكايىلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۈرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارقا ھويلىغا تاشلايلى.

بىردەمدىلا ناھايىتى نۇرغۇن كىتابلار ئارقا ھويلىغا دۆۋىلەندى. ئەڭ ئاخىردا كىتابخانىدا بىر قىسىم كىتابچىلارلا قالدى.

— قارىغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىر توپلاملىرىدەك قىلىدۇ، ئۇلارنى كۆيدۈرمەيلى، — دېدى پوپ ئۇلارنى بىر قۇر ۋاراقلاپ چىقىپ.

— يەنىلا ھەممىنى كۆيدۈرۈۋەتكىنىمىز تۈزۈك تەقسىر، مەن تاغامنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ يەنە قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ قويمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى پوپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ۋە شۇ زاماتلا كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئارقا ھويلىغا تاشلىدى.

كۆپچىلىك بىردىنلا دونكىخوتنىڭ:

— قېنى ئەزىمەت، كۈچ ـ قۇدرىتىڭنى نامايان قىل! — دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ دونكىخوتنىڭ ئۆيدە ساراڭدەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، سەكرەپ ـ تاقلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ساتىراشخانا خوجايىنى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، دونكىخوت پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىنلا، جىيەن قىزى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ،

ئۇنىڭغا بىر «شۇم خەۋەر»نى يەتكۈزدى:

— تاغا، تېخى ھېلىلا چوڭ بوغما يىلانغا مىنىۋالغان بىرەيلەن سىزنىڭ كىتابخانىڭىز ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالدى. بىردەمدىلا كىتابخانىنىڭ ئۆگزىسىدىن چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچىلا كىتابخانا ئىس - تۈتەككە توشۇپ كەتتى ....

— ئۇ دېگەن فرېستون، مېنىڭ ئۆمۈرلۈك دۈشمىنىم، ئۇ بەكمۇ يامان پېرىخون، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى بىر رىتسارنىڭ كېيىنچە مەن بىلەن بولغان دۇئېلدا يېڭىلىپ قالىدىغىنى ئايان بولغان گەپ، شۇڭا ئۇ مەندىن ئۆچ ئېلىشقا كەپتۇ. بۇ دېگەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى، ھەرنېمە قىلغان بىلەنمۇ بىكار، تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامالى يوق! — دېدى دونكىخوت بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن.

دونكىخوتنىڭ ساراڭلىقتا بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگەن كۆپچىلىك گاڭگىراپ قېلىشتى.

كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە دونكىخوتنىڭ كەيپىياتى نورماللاشقاندەكلا قىلاتتى. بۇ ئىشتىن كۆپچىلىك خېلى خاتىرجەم بولۇشتى. تېخى ئۆزلىرىنىڭ كىتابلارنى كۆيدۈرگەن ئىشلىرىدىن ئەپسۇسلۇقمۇ ھېس قىلىشتى.

بىراق سىرتتىن قارىماققا جىمجىت قىياپەتكە كىرىۋالغان دونكىخوتنىڭ ئاستىرتتىن ساددا دېھقان

قوشنىسىنى ئازدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە تەۋەك-كۇلچىلىك قىلىشقا كۆندۇرۇۋالىدىغانلىقىنى كىم بىل-سۇن؟

ناۋادا سىز بۇ دېھقاننىڭ دونكىخوت بىلەن ساراڭلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىسىڭىز، ئۇنداقتا مەن ئۇنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۇنىڭ ئىسمى سانچو پانسا، تېنى ساغلام، كاللىسى ئاددىيراق ئادەم. بۇ قېتىم دونكى-خوت ئۆزىنى بىرمۇنچە كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى بىرھازا تەس-ۋىرلىۋىدى، بۇ بىچارە ئادەم خوتۇن - باللىرىنى تاشلاپلا قەتئىيلىك بىلەن دونكىخوتقا ھەمسەپەر بولدى.

دونكىخوت يېتەرلىك پۇل - پۇچەك تەييارلىدى، سات-چوغا نەرسە - كېرەك سالىدىغان بىر تاغار ۋە بىر ياخشى ئې-شەك تەييارلاتقۇزدى. ئىككىيلەن جىمجىت بىر ئەتىگەنلىكى ئائىلىسىدىن ئايرىلدى. بەختكە يارىشا ئۇلارنى ئىنس - جىن كۆرمىدى.

لامانچادىن يىراقلاشقانسېرى ئالەم يورۇپ باردى، خوجا-يىن بىلەن مالاي ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاغلىرىغا مىنىپ قۇياش نۇرلىرىغا پۈركەنگەن دالىدا ھوزۇرلىنىپ مېڭىشتى، ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى.

— رىتسار ئەپەندىم، ماڭا بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ھېلىقى دېڭىز ئارىلىنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ.

— خاتىرجەم بول، سەن مېنىڭ خىزمەتكارىم بولساڭ ھەرگىزمۇ زىيان تارتمايسەن، ناۋادا مەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بولۇپ قالسام، سېنى بىرەر قارام ئەلگە پادىشاھ قىلىپ قويىمەن، — دېدى دونكىخوت ئىشەنچلىك ھالدا.

— ئۇنداقتا مەن پادىشاھ بولسام، خوتۇنۇم خانىش، ئوغلۇم شاھزادە بولامدۇ؟ — بۇ ساددا دېھقاننىڭ ئاۋازلىرى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، — دونكىخوتمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنى لايىھىلەۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىسى ئۆز ئالدىغا شېرىن خىياللار قوينىغا چۆكۈپ كەتتى.

## شامال تۈگمىنى بىلەن ئېلىشىش

ئىلگىرىلىگەندەك تىنچ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دونكىخوت يىراق بىر جايدا ئوتتۇز ـ قىرىقچە شامال تۈگمىنىنى كۆرۈپ قالدى. دونكىخوت شۇ زاماتلا ئۆزىنىڭ مالىيىغا:

— پاھ! سانچو، ئاۋۇ يەرگە قارا، — دېگىنىچە يىراقتىكى شامال تۈگمىنىنى كۆرسەتتى، — بۇ دېگەن تەڭرى ئاتا قىلغان ياخشى پۇرسەت، مەن جەزمەن ئۇ گىگانت مەخلۇقلارنى يېڭىمەن. ئۇ چاغدا بىزنىڭ داڭقىمىز پۈتۈن ئالەمگە تارايدۇ.

سانچو دونكىخوت قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— گىگانت مەخلۇق؟ ئۇ گىگانت مەخلۇق نەدە، رىتسار ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ تۆت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەن ھالدا.

— سەن ئەجەبا ئاۋۇ ئۇزۇن- ئۇزۇن بىلەكلىرى بار مەخلۇقنى كۆرمەيۋاتامسەن سانچو؟ — دېدى دونكىخوت ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— ياق ئەپەندىم، ئۇلار ئۇزۇن بىلەكلىك گىگانت مەخلۇقلار ئەمەس، بەلكى شامال تۈگمىنى، — دېدى سانچو بېشىنى چايقاپ.

ناۋادا كالللىسى ئانچە ئىشلەپ كەتمەيدىغان سانچو بولماي، باشقا بىرسى بولغان بولسا، دونكىخوتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھامان پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغان بولاتتى.

— ئەسلىدە سەن بىر توخۇ يۈرەككەنسەنغۇ، بوپتۇلا، ئۆزۈملا بېرىپ ئېلىشاي، سەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇر، — دېدى ئەسەبىيلىشىپ چېكىگە يەتكەن دونكىخوت.

ئۇ سانچونىڭ سۆزلىرىنى خاتا چۈشەنگەندى. شۇڭا سۆزلىگىنىچە ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

—ئەپەندىم ... ياق، رىتسار ئەپەندىم، — دەپ ئالدىراپ- تېنەپ ۋارقىرىدى سانچو، — سىز بارسىڭىز

بولمايدۇ، ئۇلار راستلا گىگانت مەخلۇق ئەمەس، ئۇلارغا ھەرگىز يېقىن بارماڭ.

دونكىخوت كۆڭلىدە دولسىنېيەدىن مەدەت تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى ـ دە، شامال تۈگمىنىگە قاراپ:

— ھۇ يارىماسلار، بۈگۈن مەن خەلق ئۈچۈن بالايىـ ئاپەتنى يوقىتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئېتىنىڭ ئىچە نەيزىسىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ بېرىپ شامال تۈگمىنىگە سانجىدى.

كۈتمىگەن يەردىن دەل مۇشۇ پەيتتە لەرزان شامال چىقىپ قالدى. بىزنىڭ رىتسارىمىز نەيزىسىنى «گىـ گانت مەخلۇق»نىڭ بىلىكىگە ناھايىتى ئاسانلا ساـ جىۋەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ تۇرغىنىدا، شامال تۈگمىنىنىڭ غايەت زور چاقپەلىكى ئۇنى نەيزىسى بىلەن قوشۇپلا يۆگەشتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

دونكىخوتنىڭ ئەينى چاغدا قانداق ھەيران قالغىنىنى دېمەيلا قويايلى، ئۇ بىردە دۈشمەننىڭ قوپاللىقىنى ئەـ يىبلىسە، بىردە دۈشمەننىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتىگە ھەيران بولاتتى.

ئۇشتۇمتۇتلا «قاراسسىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دونكىخوتنىڭ نەيزىسى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. دونـ كىخوتمۇ «گۈپپىدە» قىلىپ يەرگە چۈشتى.

سانچو ئالمان ـ تالمان يۆگۈرۈپ بېرىپ دونكىخوتنى يۆلىگىنىچە:

— قاراڭ ئەپەندىم، بۇ دېگەن گىگانت مەخلۇق ئەمەس، بەلكى چۆرگىلەۋاتقان شامال تۈگمىنى، — دېدى.

— ئاغزىڭنى يۇم، جەڭ مەيدانىدىكى ئىشلاردا سېنىڭ ماڭا ئەقىل كۆرسىتىدىغىنىڭغا تېخى سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ. ھىم، يەنە شۇ فرېستون دېگەن پېرىخوننىڭ ئىشى، بۇ قېرى ئالۋاستى جەزمەن ھېلىقى گىگانت مەخلۇقنى شامال تۈگمىنىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ مېنى كولدۇرلىتىۋاتقان گەپ! — دېدى دونكىخوت غەزەپ بىلەن.

سانچو دونكىخوتنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈردى، ئۆزىمۇ ئېشىكىگە مىندى ـ دە، ئىككىيلەن لاپىسېنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى.

كەچ كىردى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ھېرىپ ـ چارچىغان بولۇپ، قورساقلىرىمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى، شۇڭا يول بويىدىكى بىر كىچىك ئورمانلىقتا قونماقچى بولدى.

سانچو ئىشتىھا بىلەن بولكا يەۋاتاتتى، دونكىخوت ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى:

— بۇرۇن بىر رىتسار ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ نەيزىسىنى يىتتۈرىۋېتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تال قورۇق دەرەخ شېخىنى ئىزدەپ تېپىپ،

شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مەشىق قىلىپ، تەڭداشسىز ماھا-رەت يېتىلدۈرۈپتۇ. سانچو، مەنمۇ ئاشۇ ئەزىمەتكە ئوخشاش گۇمپا مەشىق قىلاي. ئۇنداقتا، سەن مېنىڭ گۇمپا مەشىق قىلغىنىمنى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن جاھاندىكى ئەڭ تەلەي-لىك ئادەم بولۇپ قالىسەن.

سانچو كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا ئۇخلاپ قالدى. دون-كىخوت بولسا كىتابتىكى رىتسارلارنى دوراپ كېچىچە كىر-پىك قاقماي چىقتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى «تەڭداشسىز سا-ھىبجامال» دولسىنېيەدە ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دونكىخوت سانچونى ئويغاتتى. ئەگەر دونكىخوت ئويغاتمىغان بولسا، سانچو پۈتۈن بىر كۈن ئۇخلىغان بولاتتى.

ئۇلار يەنە يېرىم كۈندىن ئوشۇقراق يول يۈردى. چۈشتىن كېيىن يىراقتا لاپىسې جىلغىسى كۆرۈندى. شۇ ئەسنادا ئالدى تەرەپتىن بىرقانچە ئادەم چىقىپ كەل-دى. ئەڭ ئالدىدا ماڭغىنى قارا تون كىيىۋالغان ئېشەك-لىك ئىككى مىسسىئونېر ئىدى، كەينىدە پەيتۇن بىلەن بىر ئېسىلزادە خانىم كېلىۋاتاتتى، ئېشەككە مىنىۋالغان بەش مۇلازىم پەيتۇن ئەتراپىنى ئوراپ ئۇنى قوغداپ كېلى-ۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇلار ئۆزئارا تونۇشلاردىن بولماستىن، بەلكى يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قېلىپ ھەمسەپەر بولۇپ قالغانلاردەك قىلاتتى.

— قارا سانچو، ماۋۇ ئىككى قارا ئالۋاستى بۇ چىراي-لىق مەلىكىنى نەدىنمۇ تېپىۋالغاندۇ؟ مەن جەزمەن مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ، بۇ ئىككى ئىبلىسنىڭ جاجىسىنى بەرمەي قويمايمەن.

دونكىخوت هاياجان بىلەن سانچوغا شۇنداق دېدى ـ دە، دەرھاللا ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولدى.

—ھەي ئەپەندىم، ئۇ ئىككىسى دېگەن پوپ، ئۇلارنىڭ ئۇ ئېسىلزادە خانىم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك قىلىدۇ. سىز ئوبدانراق قاراپ باقسىڭىز بولاتتى، —دېدى سانچو ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنى توسۇپ قالماقچى بولۇپ.

— بولدى قىل توخۇ يۈرەك، ئۆزۈملا باراي!

دونكىخوت ئېتىنى دېۋىتقىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئىككى ئالۋاستى، ئۆزۈڭلارنى بىلىپ بۇ ساھىبجامال مەلىكىنى دەرھال قويۇپ بېرىڭلار، بولمىسا مەن سىلەرگە ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن!

ئىككى پوپ ئۇشتۇمتۇتلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغان، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ نەيزە كۆتۈرۈۋالغان بۇ غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈپ ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەپەندىم، بىز يولۇچى پوپلارمىز، بۇ ئېسىلزادە خانىمنى تونۇمايمىز.

— سىلەرنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىڭلارنى ئاڭلاپ

ئۆلتۈرىدىغان ۋاقتىم يوق، قېنى كېلىشە!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە پوپقا نەيزە ئۇرۇپ ئاتتىن يە- قىتتى، يەنە بىرسى بولسا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ بەدەر قاچتى.

دونكىخوت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، پوپنىڭ خىز- مەتكارى تەرىپىدىن ئەدىپىنى يەۋاتقان سانچوغا كۆز قىرد- ىنمۇ سېلىپ قويماستىن، ئۈتتۈرلا ئېسىلزادە خانىمنىڭ پەيتونى يېنىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭغا تازىم بەجا كەلتۈرگەن- دىن كېيىن سۆز باشلىدى:

—مۆھتەرەم خانىم، مەن رىتسار دونكىخوت دې لا مانچاۋى بولىمەن. مېنىڭ مەشۇقۇم تەڭداشسىز ساھىب- جامال دولسىنېيە توبوسوۋى مەلىكە بولىدۇ. بۈگۈن مەن سىزنى بالا ـ قازادىن خالاس قىلدىم، ماڭا تەشەككۈر ئېيت- مىسىڭىزمۇ بولىدۇ. پەقەتلا گۈزەل دولسىنېيە مەلىكىنىڭ قەسرىگە بېرىپ، ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمدا يوقلاپ، ئىش ـ ئىزلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويسىڭىزلا بولدى.

ياندا تۇرغان بىر مۇلازىم ئۇنىڭ ساراڭلارچە قىلىقى- نى، يەنە تېخى پەيتۇننىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا:

— سەن نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! — دېدى.

دونكىخوت ئۇنىڭ بىر ئاددىي پۇقرا ئىكەنلىكىنى

كۆرۈپ، مەغرۇر قىياپەتتە:

— سەن بىر ئاددىي پۇقراكەنسەن، ئەگەر رىتسار بولـ
غان بولسالڭ، سەن بىلەن بىر قەپەس ئېلىشاتتىم، ئۇ چاغدا جەزمەن مېڭەڭنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەن بولاتتى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا كېلە قېنى، كىمنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقايلى، — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ھېلىقى مۇلازىمۇ.

ئۇ سۆزلىگىنىچە ئېشىكىگە مىندى ـ دە، قىلىچىنى چىقىرىپ دونكىخوتقا قاراپ ئېتىلدى. ئەسلىدە ئۇ ئەلەم ماھارىتى يۇقىرى بىسكايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ دونكىخوتنى يېڭىشى بىردەملىكلا ئىش ئىدى.

بىزنىڭ رىتسارىمىزمۇ شەمشىرىنى چىقاردى ـ دە، ھېلىقى مۇلازىمغا قارىتىپ زەرب بىلەن ئۇردى، پەيتۇندىكى خانىم ۋە ئۇنىڭ دېدەكلىرى قورققىنىدىن قىيا ـ چىيا قىلىشىپ كەتتى. ھارۋىكەش پەيتۇننى ھەيدەپ يىراققىراق ئېلىپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ھېلىقى مۇلازىم دونكىخوتقا بىر قىلىنچ ئۇردى، شۇ زاماتلا دونكىخوتنىڭ يۇزلۇكى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، قۇلىقىنىڭمۇ يېرىمى كېسىلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا دونكىخوت ئاغرىقتىن ئايلىنىپ قالايلا دەپ قالغان بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىدە سۆيۈملۈك دولسىنېيە

مەلىكە ئۇچۇن ئاخىرغىچە ئىلىشىشنى ئويلاپ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ بەرداشلىق بەردى.

دونكىخوت شەمشىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، ھېلىقى مۇ-لازىمغا قارىتىپ زەرب بىلەن ئۇردى. مۇلازىم ئەلەڭ ـ سە-لەڭ بولۇپ ئاتتىن يىقىلدى، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قانغا بويالغانىدى.

پەيتۇندىكى بىرنەچچە ئايالنىڭ قورققىنىدىن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى ـ دە، دونكىخوت ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل بولۇشتى، ھېچبىر قارشى پىكىر دە بولمىدى.

بىر چەتتىكى سانچو دەررۇ ئورنىدىن ئۈمىلەپ تۇر-دى ـ دە، دونكىخوتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى ۋە سەمى-مىيلىك بىلەن:

— ئۇلۇغ غوجام، مەن جان ـ دىلىم بىلەن سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، سىز ھەقىقەتەنمۇ قالتىسكەن-سىز! — دېدى.

دونكىخوت تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتتى.

شۇ ئەسنادا دونكىخوتنىڭ چوناق قۇلىقىدىن تېخىچە قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سانچو دونكىخوتقا:

— ئەپەندىم، يانچۇقۇمدا مەلھەم بىلەن داكا تەييار، مەن قۇلىقىڭىزنى تېڭىپ قوياي، — دېدى.

— ھەي ئىست، چوڭ پالۋاننىڭ شىپالىق دورىسىدىن

بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى — دېدى دونكىخوت خورسىنغان هالدا.

— نېمە دورىدۇ ئۇ؟ شۇنچە شىپالىقمۇ؟ — دەپ سو-رىدى سانچو تازا ئېنىق ئاڭلىيالمىغاندەك قىلىپ.

— ئۇ دېگەن ئىنتايىن شىپالىق دورا، — دېدى دون-كىخوت بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاش-تۇرۇپ، — بىرنەچچە قېتىم ياۋۇز دۈشمەنلەر بېلىمنى ئۈزۈۋەتكەن چاغدا، باشقىلارغا بېلىمنىڭ يۇقىرىسى بىلەن تۆۋىنىنى تۇتاشتۇرغۇزۇپ، هېلىقى شىپالىق دورىدىن بىرنەچچە تېمىم ئىچىۋىدىم، ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى.

— ۋاھ! ھەقىقەتەن قالتىسكەنغۇ. ئۇنداقتا مەن ئاشۇ شىپالىق دورىغا تايىنىپ بېيىپ كەتكۈدەكمەن. بۇ خىل دورىنىڭ تەننەرخى بەك يۇقىرىمۇ - قانداق؟

—نەدىكىنى، بىرنەچچە تىللا خەجلەپلا ئالتە چوڭ بو-تۇلكا شىپالىق دورا ياسىغىلى بولىدۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن ساڭا قانداق ياساشنى ئۆگىتىپ قوياي، سېنىڭ بىر قېتىمدىلا ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقىڭدا گەپ يوق.

سانچو خۇشاللىقتىن ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالدى. ئۇنىڭ بايامقى تاياق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قورساق كۆ-پۈكىمۇ نەلەرگىدۇر يوقاپ كەتكەنىدى.

— رىتسار ئەپەندىم، سىز بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ، ئۆگەنمەك راستىلا شۇنداق ئاسانمۇ؟

دونكىخوت بېشىنى لىڭشىتتى:

— مەن كاپالەت بېرىمەن سانچو. بىراق سەن ھازىر چاپسان كېلىپ مېنىڭ يارامنى تېڭىشقا ياردەملەشكىن، ئاغرىقتا چىدىيالمايلا قالدىم.

سانچو دونكىخوتنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋېتىپ دورا سۈرۈۋاتقان چاغدىلا، دونكىخوت ئۆز دۇبۇلغىسىنىڭ قىلىچ زەربىسىدىن ئوخشىمىغانلا بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ چاچراپ تۇردى ـ دە، شەمشىرىنى تۇتقىنىچە كەسكىن تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى:

— مەن دونكىخوت شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، مەن قان قىساسىمنى ئالمىغۇچە ئاش ـ تاماقمۇ يېمەيمەن، ئۇيقۇ دېگەننىمۇ تەرك ئېتىمەن.

— رىتسار ئەپەندىم، سىزنىڭ دۇبۇلغىڭىزنى ماكچايتىۋەتكەن ئادەم گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن دولسىنېيە مەلىكىنىڭ قورغىنىغا كەتتى. مەلىكىمۇ سىز ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايدۇ. سىزنىڭ قىساس ئالىمەن دېيىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى سانچو ئالدىراپ ـ تېنەپ.

دونكىخوتمۇ ئىختىيارسىز ھالدا باش لىڭشىتتى:

— ھىم، دەرۋەقە شۇنداق. ئۇنداقتا مەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، چوقۇم دۇبۇلغىدىن بىرنى تارتىۋالماي قويمايمەن ...

— رىتسار ئەپەندىم، بۇ ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك! سىز قاراپ باقمامسىز، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ساپلا ھارۋى-كەشلەر ياكى دېھقانلار تۇرسا، ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئۇنداق قىممەتلىك ھەم ئېسىل دۇبۇلغىسى بولسۇن؟ شۇنداق بولغاندا، سىزنىڭ نەچچە كۈنلەپ بولكا يېمەسلىكىڭىزگە، ئۇخلىماسلىقىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا سالامەتلىكىڭىز بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ — دېدى سانچو دونكىخوتنى توسماقچى بولۇپ.

— ياق سانچو، بۇنى سەن بىلمەيسەن، بىرەردەمدىن كېيىن بىز غايەت زور بىر رىتسارلار قوشۇنىغا دۇچ كې-لىمىز، دۇبۇلغىدىن بىرگە ئېرىشىشىمىزمۇ ئاسانغا توختايدۇ.

— سىز ماڭا ھېلىقى شىپالىق دورىنى ياساشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىزلا، باشقا ئىشلار بىلەن كارىم يوق، — دەپ باش لىڭشىتتى سانچو.

— سەن خاتىرجەم بول، مەن ساڭا نەپ بېرىمەن. ھا-زىر يېنىڭدا يەيدىغان بىر نەرسە بارمۇ؟ قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن بىز بى-رەر قورغاننى تېپىپ بىر ئاخشام قونايلى. ھېلىقى شىپا-لىق دورىنىمۇ شۇ چاغدا ياسايلى.

سانچو ئازراق سامساق، ئىرىمچىك دېگەندەك نەرسى-لەرنى چىقاردى، ئۇلار ئەپلەپ ـ سەپلەپ قورساق تويغۇزۇشتى.

## رىتسارنىڭ سۆزلىرى

خوجايىن بىلەن مالاي ئىككىيلەن بىردەم يول يۈر-گەندىن كېيىن بىر پادىچىنى ئۇچراتتى. پادىچى ئىنتايىن خۇشال بولغان هالدا دونكىخوت بىلەن سانچونى چېدىرىغا باشلىدى ۋە ئۇلارنى مەززىلىك پاقلان گۆشى بىلەن مېهمان قىلدى.

دونكىخوت هېچبىر تەكەللۇپسىزلا گۆشنى ئىشتىها بىلەن يەپ، قويى مۇڭگۈزىدە شارابنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى.

ئۇ گۆشنى تويغۇچە يەپ، مەي ـ شارابنى قانغۇچە ئىـ-چىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز گېپىنى باشلىدى:

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قەدىمكى كىشىلەر ئالتۇن دەۋر دەپ ئاتايدىغان بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەنىكەن، ئەل-ۋەتتە بۇ دەۋرنى هەرگىزمۇ شۇ چاغدا ئالتۇن كۆپ چىققانلى-قىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر «سېنىڭ»، «مېنىڭ» دەپ ئايرىمىغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق ئاتاشقان ئىكەن. ئۇ چاغ-لاردا بىر ئادەم تېپىپ كەلگەن نەرسىدىن هەممە ئادەم ئورتاق بەهرىمەن بولىدىكەن. كىشىلەر تەبىئەت قوينىدا هېچبىر چەكلىمىسىز، ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالدى ـ دە،

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەسىلەن ئېيتساق، ئۇ چاغلاردا چىرايلىق، پاكىز بىر قىز تەرەپكە قاتراپ يۈرسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ بوزەك قىلىنىشىدىن ياكى گۆرۈگە ئېلىنىشىدىن غەم-ئەندىشە قىلىپ كەتمەيدىكەن. بىراق ھازىرچۇ؟ پۈتكۈل جەمئىيەت جىنايەت بىلەن توشۇپ كەتتى، دەل شۇ ۋەجىدىن بىز رىتسارلىق يولىنى ئاپىرىدە قىلدۇق، مەقسىتىمىز — ئاياللارنى قوغداش، ھەققانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئى ئاق كۆڭۈل ئىنسان! بۈگۈن سەن مېنى ۋە خىزمەتكارىمنى كۈتۈۋالدىڭ، مەن ساڭا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ھېلىقى پادىچى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدى، گەرچە ھېچنىمىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا جىمجىت ئولتۇرۇپ تىڭشىدى.

— بىردەمدىن كېيىن مېنىڭ بىر ھەمراھىم كېلىدۇ، ئۇ خەت يېزىشنىمۇ بىلىدۇ، كىتابمۇ ئوقۇيالايدۇ، يەنە تېخى ساز چېلىشنىمۇ بىلىدۇ، بەكمۇ ئەقىللىق. ئۇ كەلگەندە سىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، ئىچ پۇشۇقىڭىز چىقىپ قالار، — دېدى پادىچى دونكىخوتنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن.

ئۇشتۇمتۇتلا سىرتتا ساز ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىشىكتە يىگىرمە نەچچە ياشلاردىكى بىر ياش پەيدا بولدى.

بۇ كىشى دەل پادىچى بايا گېپىنى قىلغان ئانتونىئو ئىدى. ئۇ ئىچكىرى كىرىپلا يەردە ئولتۇرۇپ، ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ناخشىسى ھەقىقەتەن تولىمۇ يېقىملىق ئىدى:

مېنىڭ ساڭا بولغان سۆيگۈم ئاجايىپ چوڭقۇر،
نېسىۋەمگە ئېرىشمەكتىن باشقا خىيال يوق.
سېغىنىمەن، سۆيسەم دېمەن سېنى ھەر دائىم،
ۋىسال ئارزۇسىغا قانسام دېمەن تولۇق.

پادىچى ناخشىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دونكىخوت ئۇنىڭ يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، بىراق سانچو گەپ يۆرغىلىتىپ دونكىخوتنىڭ تەلىپىگە ئاۋاز قوشمىدى، چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا ھېرىپ ھالىدىن كې-تەيلا دەپ قالغانىدى.

— ھەي سانچو، بىر دورا ئالماشتۇرۇپ قويغىنا، يە-نىلا ئازراق ئاغرىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

دورا ئالماشتۇرۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەندىشە قىلىپ قالغان پادىچى دونكىخوتنىڭ يارىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاللىقانداق بىرنەچچە خىل دورىنى ئاغزىغا سېلىپ بىرھازا چاينىغاندىن كېيىن دونكىخوتنىڭ قۇلىقىغا سۈرتۈپ قويدى. بۇ ھەقىقەتەن شىپالىق دورا بولۇپ، بىردەمدىلا

ئاغرىق پەسىيىپ قالدى.

ئەتىسى پادىچى ئۇلارنى ئويغاتتى ۋە باشلاپ ئاچىقىپ يېزىنى سەيلە قىلدۇرماقچى بولدى.

ئۇيقۇسىغا قانمىغان سانچو چالا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە خوجايىنىنىڭ ئېتىنى تەييارلىشىپ بەردى، ئاندىن ئۆزى ئېشىكىگە مىندى ـ دە، پادىچىغا ئەگىشىپ مېڭىپ كەتتى.

بىرپەستىن كېيىن، ئۇلار يول ئۈستىدە بىر توپ ئادەمنى ئۇچرىتىشتى، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئات مىنىۋالغان ساياھەتچىلەر بولۇپ، يەنە ئۈچ خىزمەتچىنى ئەگەشتۈرۈۋالغانىدى.

ئىككى قوشۇن شۇ تەرىقىدە ئۇن ـ تىنسىز بىللە مېڭىشتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ساياھەتچى دونكىخوتقا قارىغىنىچە گەپ باشلىدى:

— بۇ يېقىندا بىرەر يەردە ئۇرۇش پارتلىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدەك قىلىمەن، ئۆزىڭىز دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىۋاپسىز، ئېھتىمال بىرەر نىقابلىق تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىشقا ياكى نىقابلىق سەيلە ـ ساياھەتكە ماڭغان ئوخشىمامسىز؟

— يوقسۇ، مەن دېگەن بىر رىتسار، دۇئا ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋە ھەرقايسى ئەللەردە سەيلە ـ ساياھەتتە بولۇش ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن. شۇ ۋەجىدىن

دوبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، قورال ـ ياراغ ئېلىپ جاپالىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمەن.

«قارىغاندا بۇ دورەم راستىلا كاللىسىنىڭ دەردى بار بىرسىگە ئۇچراپتىمەن» دەپ ئويلىدى ھېلىقى ساياھەتچى ئۆز كۆڭلىدە ۋە ئۇنى مازاق قىلىپ شۇنداق دېدى:

— جانابىي رىتسار، قارىغاندا سىز چېركاۋدىكى موناخلاردىن، پوپلاردىنمۇ كۆپ جەبىر ـ جاپا چېكىۋېتىپسىز ـ دە، ئۇنداقتا، رىتسارلىق جاھاندىكى ئەڭ جاپالىق ئىش ئوخشىمامدۇ؟

— دۇرۇس، — دونكىخوت مۇرىسىنى قىسىپ قويدى، — سىز رىتسارلىق يولىنىڭ نەقەدەر جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز، بىز دېگەن يازدا تومۇز ئىسسىققا قارىماي، قىشتا قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، كېچە ـ كۈندۈز قان ـ تەر ئاققۇزىمىز، بىزنىڭ ئىشىمىز ئەلۋەتتە ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئىبادەت قىلىدىغانلاردىن كۆپ جاپالىقتە.

— ئەجەبا سىز رىتسارلارنىڭ بەزىبىر غەلىتە قىلىقلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئالايلۇق، رىتسارلار جەڭ قىلىشتىن بۇرۇن خۇدادىن مەدەت تىلىمەي، كۆڭلىدىكى مەلىكىدىن مەدەت تىلەپ دۇئا قىلىدىكەن.

— توغرا ئېيتىسىز، ھەربىر رىتسارنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى مەلىكىسى بولىدۇ، ئەگەر مەلىكىسى بولمىسا، ئۇنداق

رىتسار ھەقىقىي رىتسار ھېسابلانمايدۇ. مانا بۇ رىتسارلىق يولىنىڭ قائىدىسى.

ھېلىقى ئادەم قاتتىق ئەجەبلەندى ۋە تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ سورىدى:

— ئۇنداقتا سىزنىڭمۇ جەزمەن قەدىرلىك مەلىكىڭىز باركەندە، ئېيتىپ بېرىڭچۇ، ئۇنىڭ مۇبارەك نامى نېمە؟

دونكىخوت قاتتىق مەستانە ھالەتتە سۆزلىدى:

— ئاھ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى سۈپەتلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. دولسىنېيە مەلىكە دۇنيادىكى ئەڭ گۈ- زەل قىز، ئۇ توبوسو كەنتىدە تۇرىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بەك گۈزەل، خۇددى يەر يۈزىگە چۈشكەن ئەڭ گۈزەل پەرىدەك.

—نېمە؟ توبوسو؟ ئاڭلاپ باقمىغانلا بىر يەرغۇ بۇ، مەن بۇ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن دېسە.

— دەرۋەقە ئۇ يەرنىڭ نامى چىقمىغان، بىراق مەن چوڭ تۆھپىلەرنى يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆر- مىتىگە سازاۋەر بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرنىڭمۇ نامى جا- ھانغا تارايدۇ.

پادىچى بۇ «رىتسار» نىڭ سۆزلىرىدىن گاڭگىراپلا قالدى. سانچو دونكىخوتنىڭ نەسەبىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. بىراق سانچو ئويلىنىپ قالدى، ئۇ توبوسودا بۇنداق بىر چىرايلىق قىز- نىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغاندەكلا قىلاتتى.

## ئاتنىڭ سەۋەنلىكى

دونكىخوت بىلەن سانچو ئىككىيلەن پادىچى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا ھەر ئىككىيلەنلا چارچاپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئات بىلەن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئوتلاشقا قويۇۋەتتى.

بىرپەستىن كېيىن بىر توپ ئاتچى ئون نەچچە ئاتنى ھەيدەپ كېلىشتى، روسنانت ئۆز قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ، خۇشال بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى. بىراق ئۇ ئاتلار چۆچۈپ كەتكەچكىمىكىن، روسنانتنى تېپىپ، چىشلەپلا كەتتى. بىر چەتتە تۇرغان ئاتچىلارمۇ ئۇلارنى توسۇش ـ ئاجرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە روسنانتقا تاش ئېتىشقا باشلىدى.

بۇ ئىشنى كۆرگەن دونكىخوت ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، شەمشىرىنى چىقىرىپ ئاتچىلارغا تاشلاندى.

— ئەپەندىم، بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز! — ئۇششۇمتۇتلا سانچونىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئايلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭغا بىر ئاتچىنىڭ كالتىكى تەگكەن ئىدى.

سانچو هوشىغا كەلگەندە، ئاتچىلار يايلاقتىن ئاللىقا-
چان كېتىپ قالغانىدى.

— ئەپەندىم، ئەپەندىم!

— نېمە ئىش بولدى؟ — دونكىخوتنىڭ لەۋلىرى بى-
لىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىدى.

— ئەپەندىم، ئەجەبا سىزنىڭ يېنىڭىزدا راستلا ھېلى-
قى شىپالىق دورا يوقمىدى؟

— ئۇ دورىدىن پەقەت ئېلىۋالماپتىكەنمەن، بىراق سەن
خاتىرجەم بول، مەن جەزمەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ شىپالىق
دورىنى تەييارلايمەن، — دېدى دونكىخوت ئۇلۇغ - كىچىك
تىنغان ھالدا.

— بىراق سىز ھازىر مىدىر - سىدىر قىلالمايۋاتسى-
ڭىز، ئۇ دورىنى قانداقمۇ تەييارلىيالايسىز؟

— ئۇ دېگىنىڭىزمۇ راست. توغرا سانچو، بۇنىڭدىن كې-
يىن قارشى تەرەپ رىتسار بولمىسا، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا
جەڭگە چۈش.

— بىراق ئەپەندىم....

— بولدى سانچو، تېز بېرىپ روسىنانتنى كۆرۈپ با-
قايلى!

ئۇ ئاتنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بولۇپ،
دونكىخوتنى كۆتۈرۈگۈدەك ھالى قالمىغانىدى. شۇڭا دونكى-
خوت:

— ئېشەك ساق بولغاندىكىن مېنى ئېشەككە ئارتقىن، شەھەرگە كىرىپ يارامنى داۋالىتايلى، بەلكىم بۇمۇ تەڭرى-نىڭ ئىرادىسىدۇ، — دېدى.

سانچو ئاستا ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. دونكىخوت ئۇنى «سانچو، چاپسانراق بول، كۈن ئولتۇرايلا دەپ قالدى» دەپ توختىماي ئالدىرىتاتتى.

سانچو پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ- تىرمىشىپ خوجايىنىنى ئېشەككە ئارتتى، ئېغىر يارىلانغان دونكى-خوتنىڭ ئېشەك ئۈستىگە ئارتىلىپ يېتىشتىن باشقا ئا-مالى يوق ئىدى. ئەگەر سىز سەپسېلىپ قارىسىڭىز، ئۇنى ئوغۇت قاچىلانغان تاغار دەپلا قالاتتىڭىز.

سانچو ئېشەكنى يېتىلىگىنىچە ئاستاغىنا يولغا راۋان بولدى.

بىردەم يول يۈرگەندىن كېيىن ئالدى تەرەپتە بىر سا-راي كۆرۈندى، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان سارايۋەن دونكىخوتنى كۆرۈپ، سانچودىن ئۇنىڭ نېمە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېھتىيات بىلەن سورىدى. سانچو دونكىخوتنى تاغدىن يې-قىلىپ چۈشتى دەپ يالغان ئېيتىپ قويدى.

سارايۋەننىڭ خوتۇنى بىلەن سارايدىكى دېدەكلەر دون-كىخوتنى كۆتۈرۈپ بالىخانىغا ئېلىپ چىقىشتى-دە، ئۇ-نىڭغا دورا سۈرۈشكە باشلىدى.

بالىخانا تولىمۇ ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ،

ئىككى كارۋات بىلەن بىر تۆشەك بار ئىدى، بىر كارۋاتتا بىر ئاتچى ياتقان بولۇپ، دونكىخوت يەنە بىر كارۋاتتا ياتـ. قۇزۇلغانىدى.

بىردىنلا دونكىخوت سارايۋەننىڭ خوتۇنىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ـ دە، سۆزلەپ كەتتى:

— ئى ساھىبجامال خانىم، ناۋادا مېنىڭ مەشۇقۇم بولمىغان بولسىدى، جەزمەن سىزنىڭ سۆيۈملۈك قىزىـ. ڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتىم.

بۇ ھالنى كۆرگەن سارايۋەننىڭ خوتۇنى ھەيران قالدى.

كىشىلەر چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن، دونكىخوت يەنىلا رىتسارلىق رومانلىرىدىكى ۋەقەلەرگە ئوخشىتىپ خىـ. يال سۈرۈپ، «مەلىكە مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، ئاتا ـ ئانىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا مېنى يوقلاپ كىرىپتۇ» دەپ ئويـ. لىدى.

دەل شۇ چاغدا، بىر دېدەك قىز ئاتچى بىلەن خۇپىيانە ئۇچراشماق بولۇپ كىرىپ كەلدى. دونكىخوت قوللىرىنى كېرىپ دېدەكنى قۇچاقلىدى ـ دە:

— ئەي گۈزەل مەلىكەم، شۇنچە كەچتىمۇ مېنى يوقلاپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

ئاتچى بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئاچچىقىغا چىدىماي دونكىـ. خوتنى بىر شاپىلاق سالدى، بۇنىڭلىق بىلەنمۇ ئاچچىقى

يانماي، دونكىخوتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىرنەچچىنى دەس-سىدى. ئەسلىدىلا ئاجىز كارىۋات بۇنىڭ بىلەن سۇنۇپ، گۈلدۈر - تاراق ئاۋاز چىقىرىپ يەرگە چۈشتى، ئاستىنقى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتقان سارايۋەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى.

سارايۋەننىڭ چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن دىدەك ئۇنىڭ ئۆزىنى تىللاپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆمىلىگىنىد-چە سانچونىڭ يوتقىنىغا كىرىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋالدى. ئويلىمىغان يەردىن سانچو چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى - دە، ئۇ دىدەكنى ئالۋاستى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇپ - تېپىپ كەتتى.

ئاللا - توۋا ئاۋازنى ئاڭلىغان سارايۋەن بىلەن ئاتچى يۈگۈرۈشۈپ كەلدى - دە، ئۇر - توپىلاڭ بولۇپ كەتتى، سا-رايۋەن بىلەن سانچو دىدەكنى ئۇرۇۋاتاتتى، ئاتچى سانچونى ئۇرۇۋاتاتتى. پەقەت پەستە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان چارلاش ساقچىسى چىقىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغاندىلا ئاندىن ئۇلار ئۇرۇشتىن توختاشتى.

## سارايدىكى سەرگۈزەشتە

چارلاش ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى چىراغ ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن پەيتتە، دونكىخوت ئويغاندى - دە:

— سانچو، سەن ئۇخلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى جانىسىز ئاۋاز بىلەن.

— ياق، ئۇخلىيالمايۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى سانچو خاپا بولغان هالدا غودۇڭشىپ، — غوجام، بىزنى نېمىشقا بۇنداق نەس بېسىپلا تۇرىدۇ، سېھىرلەنگەن مورلار بىز بىلەن قېرىشىۋاتامدۇ ـ يا؟

— ئۇنداق ئەمەس، سېھىرلەنگەن ئادەمنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. بايام يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلەمسەن؟

— غوجام، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— بايا بۇ يەردىكى مەلىكە يېنىمغا كىرگەنىكەن، ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن، بۇ ئىشقا كۈندەشلىكى تۇتۇپ كەتكەن بىر گىگانت مەخلۇق مېنى ئۇرۇپلا كەتتى، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى دېگىنە.

چارلاش ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى، ئۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ بەخىرامان پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئەجەبلەندى. ئۇ يەنە پۈتۈن ئەزايى تاياق زەربىسىدىن يارا بولۇپ كەتكەن دونكىخوتنىڭ يەردە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— تېخى ئۆلمىگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، رىتسارغا بۇنداق گەپ قىلمىغان بولاتتىم. رىتسارغا گەپ قىلغاندا تېخىمۇ ئەدەپلىك بولۇش كېرەكلىكىنى سەن بىلمەمسەن؟

ھۆ قاپاق باش ئەبلەخ! — دېدى دونكىخوت غەزەپلەنگەن ھالدا.

چارلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھېچقاچان بۇنداق تىل - ھاقارەتكە ئۇچراپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بىر ئەبگارنىڭ ئۆزىگە بۇنداق يوغانچىلىق قىلىشى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇردى - دە، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دونكىخوتقا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆينى يەنە قاراڭغۇلۇق باستى. چارلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كەتتى.

سانچو خوجايىنىنىڭ زادى قانچىلىك يارىلانغانلىقىنى كۆرەلمىدى.

— قانداق، مەن خاتا گەپ قىلمىغاندىمەن ئەپەندىم؟! ئۇ ئەبلەخ چوقۇم مور. ئۇ جەزمەن باشقىلارنىڭ گۆھىرىنى ساقلاپ بېرىۋاتقان نېمە، بىزنىڭ پېشانىمىزگە مۇشت يېيىش بىلەن چىراغنىڭ زەربىسىگە ئۇچراش پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ غەيرەتكە كېلىپ.

— شۇنداقتەك قىلىدۇ سانچو، بىراق مەن بايا ئېيتقاندەك، ئالۋاستى دېگەننى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، شۇڭا خاپا بولۇشنىڭمۇ ئورنى يوق. ئەگەر سەن ماڭالىساڭ بۇ قورغاننىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ، دورا ياسايدىغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەل، ئاساسلىقى زەيتۇن يېغى، ئۇ-

زۇم ھارىقى، تۇز، ياپون رودىيىسى بولسا بولىدۇ. راست گەپنى قىلسام، مەندىن قان ئېقىپ توختىمايۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سانچو ئاغرىقنىمۇ ئۇنتۇپ، قاراڭغۇمۇ دېمەي، سىلاشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئادەم ئىزدەپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئالغىلى كەتتى.

قاراڭغۇدا بىرسىگە ئۇسسۇۋالغان سانچو قورقۇپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇسسۇۋالغىنى دەل دونكىخوتنى يارىلاندۇرغان چارلاش ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى.

ئەترەت باشلىقىنىڭ ياردىمىدە سانچو لازىملىق نەرسىلەرنى تاپتى. بالىخانىغا قايتىپ چىقىپ، تاڭ نۇرىنىڭ ئاجىز يورۇقىدا ئۇز خوجايىنىنىڭ زارلاپ ياتقىنىنى كۆردى.

ــ خوجايىن، خوجايىن! نېمە بولدىڭىز، لازىملىق نەرسىلەرنى تېپىپ ئەكەلدىم.

دونكىخوت چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ماي، ھاراق، تۇز ۋە ياپون رودىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر كومزەكنىڭ ئىچىگە سالدى ـ دە، ئۇزاققىچە قايناتتى، ئاخىر ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك خاسىيەتلىك ماينى ياساپ چىقتى. خاسىيەتلىك ماينىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداقلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن دونكىخوت ئۇنىڭدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى. بىراق ئۇ دورىنى ئىچىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆڭلى ئېلىشىپ

قۇسۇشقا باشلىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ قورسىقىدىكى ھەم-
مىلا نەرسىنى قۇسۇپ چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى
تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەندى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان
دونكىخوت يەردە توختىماي يۇمىلىناتتى، كۈچىنىڭ بارىچە
نالە قىلاتتى، كېيىن ئۇ سانچوغا بوش ئاۋازدا:

— سانچو، مەن بىردەم ئۇخلىۋالاي، يوتقاننى يېپىپ
قويغىن، — دېدى.

سانچو خوجايىنىغا يوتقاننى يېپىپ قويدى، دونكىخوت
ئۇخلاپ كەتتى.

ئۇ ئۈچ سائەتچە ئۇخلاپ ئويغاندى ۋە ئۆزىنى يېنىكلەپ
قالغاندەك، ئاغرىق ئوبدانلا پەسەيگەندەك ھېس قىلدى، قا-
رىغاندا دورىنىڭ ئۇنۇمى ياخشىدەك قىلاتتى:

— بۇ ھەقىقەتەن قالتىس خاسىيەتلىك دورا ئىكەن،
بۇنىڭدىن كېيىن بىز ھېچنېمىدىن قورقمىساق بولغۇ-
دەك.

سانچو خوجايىنىنىڭ دورىنى ئىچىپ ئوبدانلا ساقىي-
يىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كومزەكنى كۆتۈرۈپلا بىرنەچچە
يۇتۇم ئىچىۋەتتى. ئويلىمىغان يەردىن دورىنى ئىچىپ
بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، دونكىخوتتىكى ئالا-
مەتلەر ئۇنىڭدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قورسىقى
ئاغرىپ، كۆڭلى ئېلىشاتتى، ھۆ تۇتاتتىيۇ، قۇسالمايتتى،
بەدىنىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلاتتى، چىرايى تاتىرىپلا

كەتكەنىدى:

— قانداقمۇ شىپالىق دورا بولسۇن! ... بۇ نەس باسقۇر زەھەرنىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ!

— مەن ئەمدى بىلدىم، بۇ دورا مەخسۇس رىتسارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، سەن رىتسار بولمىغاندىكىن، ئىچ-سەڭمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ! — دېدى دونكىخوت.

— سىزمۇ نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسىز خوجايىن، قىينىلىپ ئۆلەيلا دېدىم ....

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئالدى ـ كەينى-دىن تەڭلا يار كەتتى، پۈتۈن ئەتراپىنى نىجاسەت بىلەن قۇ-سۇقنىڭ پۇرىقى بىر ئالدى.

شۇنداق قىلىپ دورا سانچوغا قاتتىق ئەكس تەسىر بەردى، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ھوشىدىن كەتتى، توختىماي قۇستى، ھە دەپ ئىچى سۈردى. ئۇ ئىككى سائەتچە ئاشۇنداق جان تالاشتى. دونكىخوتقا ئوخشاش روھىي ھالەت ئۇنىڭدا ئەسلا كۆرۈلمىدى.

دونكىخوت بولسا ئاللىبۇرۇنلا ماغدۇرىغا كەلگەن، پۈ-تۈن بەدىنى يېنىكلەپلا قالغانىدى، شۇڭا ئۇ دەرھال يولغا چىقىشنىلا ئويلايتتى، ئۇنىڭ قارىشىچە، رىتسارنىڭ ۋاقتى بۇنداق بىھۇدە ئۆتۈپ كەتسە بولمايتتى، بۇنداق كېتىۋەرسە، رىتسارلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ نامغا يۈز كېلەلمەيتتى، قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولىۋاتقان كىشىلەرگە يۈز

كېلەلمەيتتى.

بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇ ئېتىنى ئېگەرلەپ، سانچونىڭ ئېشىكىگە توقۇمنى توقۇپ تەييارلاپ، ئارقىدىنلا سانچونى يۆلەشتۈرۈپ ئېشەككە مىندۈردى، ئۆزىمۇ ئېتىغا مىندى ـ دە، سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەييارلاندى.

سارايدىكى يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ ھەممىسى ئىـ-شىكتە بۇ ئىككى غەلىتە ئادەمگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

دونكىخوت ساراي ئىشىكىدە تۇرۇپ، سارايۋەنگە:

— ئەپەندىم، قىزغىن كۈتۈۋالغىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ-تىن ـ كۆپ رەھمەت، دوستانە مۇئامىلىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىرەرسى سىزنى بوزەك قىلماقچى بولسا، ھايت دېسىڭىزلا جەزمەن سىزگە ياردەم قىلىمەن. تەڭرى ھەققىدە شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، چو-قۇم سىزنى رازى قىلىمەن! — دېدى.

— رىتسار ئەپەندى، — دېدى سارايۋەن تەرىنى تۇ-رۇپ، — سىزنىڭ ئاللىقانداق ئاتىدارچىلىقىڭىزنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، پەقەت سىز تۈنۈگۈن ئاخشامقى تۇرلۇك خىـ-راجەتلىرىڭىزنىڭ ھەققىنى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتسام، ئىككىڭلارنىڭ كەچلىك تاماق ۋە ياتاق پۇلى، ئۇلاغلىرىڭ-لارنىڭ يەم ـ خەشەك پۇلى قاتارلىقلارنى تۆلىۋەتسىڭىزلا بولىدى.

— ئۇنداقتا بۇ سارايكەنده؟

— دۇرۇس، يەنە كىلىپ ئالىي دەرىجىلىك ساراي.

— غەلىتە گەپقۇ بۇ، بۇ يەردە شۇنچە كۆپ غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىۋىدى، مەن تېخى قورغانمىكىن دەپ قاپ-تىمەن. بىراق، ساراي بولغانىكەن، ئىش تېخىمۇ ئاسان. سارايىنىڭ بىر رىتسارىدىن پۇل تەلەپ قىلغىنى قانداق ئىش؟ بىز ھېچقانداق بىر كىتابتا رىتسارنىڭ پۇل تۆلىگەنلىكى يېزىلغىنىنى كۆرمىگەن. سىلەر ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، بىر رىتسارنىڭ تالا - تۈزدە يېتىپ - قوپۇپ، جاپا - مۇشەققەت-لەرنى چېكىپ، خەۋپ - خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ يۈ-رۈشى نېمە ئۈچۈن؟ يەنە شۇ سىلەردەك ياردەمگە موھتاج كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

— سىنىڭ رىتسار بولۇش - بولماسلىقىڭ بىلەن كارىم يوق، مەن پەقەت ئىلىشقا تېگىشلىك پۇلنى ئىلىش-نىلا بىلىمەن.

— ھۇ پىسەندە! — دونكىخوت شۇنداق دېگىنىچە روسنانتىنى دېۋىتتى - دە، نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە ساراي دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇنى توسمىدى. ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن، بىردەمدىلا يىراقلاپ كەتتى.

دونكىخوت قېچىپ كېتىۋېتىپ، سانچونىڭ تۆلىگى-نىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، ئۆز خىزمەتكارىنى تاشلاپ قويۇپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېتىنىڭ

بېشىنى ساراي تەرەپكە قاراپ بۇرىدى.

ئۇ ساراي دەرۋازىسىنىڭ چىڭ ئېتىكلىك تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، قورۇق تامنى بويلاپ ماڭدى. ئارقا ھويلىنىڭ تېمى ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى، ئۇ ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، ئۆز خىزمەتكارىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بىرنەچچە كىشى سانچونى پالاسقا يۆگەپ ئاسمانغا ئېتىپ ئويناۋاتاتتى. بىچارە سانچو تاغارغىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، سالامەتلىكى تېخى ئەسلىگە كېلىپ بولمىغاچقا بۇنداق قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدى.

— قۇتقۇزۇڭلار، قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ جېنىنىڭ بارىچە.

ئەسلىدە دونكىخوت ئاتقا مىنىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، سارايۋەن سانچونى تۇتۇۋېلىپ، پۇلنى تۆلەشكە قىستاپتۇ، سانچو بولسا:

— مەن دېگەن بىر خىزمەتكار، مەندە پۇل نېمە قىلىدۇ؟ — دەپ تۇرۇۋېلىۋاپتۇ.

— سەن بۇنداق دېگەن ئىكەنسەن، مېنى رەھىم قىلمىدى دەپ ئاغرىنما، — دەپتۇ سارايۋەن ئۆپكىسىنى باسالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا.

— ئىختىيارىڭىز، قانداق قىلغۇڭىز كەلسە شۇنداق قىلىڭ، ئىشقىلىپ مەن رىتسار روھىغا داغ

تەگكۈزمەيمەن! — دەپتۇ سانچو.

شۇنداق قىلىپ دونكىخوت كۆرۈۋاتقان بۇ ئويۇن ئويۇنالغانىدى.

بۇ ئىشنى كۆرگەن دونكىخوتنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، بىراق پۈتۈن ئەزايى يارىلانغاچقا، ئۇنىڭدا كۈچ ـ ماغدۇر دېگەن نەرسە قالمىغانىدى، ئۇ بىرنەچچە قېتىم تامغا يامىشىپ باقتى، لېكىن چىقالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىرتتا تۇرۇپ تىللاشقا باشلىدى. هويلىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭ تىللاشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك پىسەنتىگىمۇ ئىلىپ قويمىدى. پەقەت سانچونى ئاسمانغا ئېتىپ هارغان چېغىدىلا ئۇنى ئېشەككە مىندۇرۇپ، دەرۋازىنى ئېچىپ قويۇۋېتىشتى.

ئاق كۆڭۈل دېدەك تونۇگۇن ئاخشامقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ سانچوغا سۇندى.

— رەھمەت! — دېدى سانچو ئاران تەستە.

سانچو قاچىنى قولىغا ئېلىپ ئىچمەكچى بولۇۋىدى، دونكىخوتنىڭ سىرتتا ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى:

— سانچو، ھەرگىز سۇ ئىچمە!

سانچو ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئەجەبا سەن ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، بۇنداق چاغدا ھەرگىز سوغۇق سۇ ئىچسەڭ بولمايدۇ. يەنىلا مەندىكى

شىپالىق دورىنى ئىچكىنىڭ تۈزۈك، ئۇنى ئىچسەڭ پۇت ـ قولۇڭغا شۇ زاماتلا ماغدۇر كىرىدۇ.

دونكىخوت ھېلىقى دورا كومزىكىنى چىقاردى.

سانچو ھېلىقى دورىنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى:

— ئەپەندىم، سىز چاقچاق قىلىۋاتامسىز نېمە؟ نەچچە سائەت ئىلگىرى مەن سىزنىڭ شىپالىق دورىڭىزنى ئىچىپ ئۆلگىلى تاسلا قالدىم، سىز مېنى ئۆلسۇن دەۋاتامدىغانسىز؟

دونكىخوت سانچونىڭ سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالماستىن، كومزەكنى سانچوغا تەڭلىدى.

— ئەپەندىم، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! ئۇ نېمىنى بەرگەندىن كۆرە، ماڭا بىر يۇتۇم ھاراق بەرگىنىڭىز تۈزۈك.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دېدەك دەررۇلا ھاراق كەلتۈردى.

سانچو ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ دەرۋازىدىن خۇشال ھالدا چىقىپ كەلدى، گەرچە ئۇ نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر تىيىنمۇ خەجلىمەي سارايدا قونۇش بەدىلىگە ئازراق جاپا تارتىشنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى.

بىراق سانچونى ئاسمانغا ئېتىپ قىيناۋاتقاندا، سارايۋەن ئېشەك ئۇستىدىكى خۇرجۇننى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەتكەنىدى. خۇرجۇندا دونكىخوت بىلەن سانچونىڭ پۈتكۈل تەئەللۇقاتلىرى، پۇل ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى بار ئىدى.

دونكىخوت بىلەن سانچو بۇ ئىشنى تۈيمايلا قىلىشقانىدى.

## قوي پادىسى بىلەن جەڭ قىلىش

دونكىخوت بىلەن سانچو پاراڭلاشقاچ كېلىۋاتاتتى. سانچونىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى:

— ئەپەندىم، بىز ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كېتەيلىچۇ، بۇنداق كۈنلەرنى كۆرگەندىن كۆرە ئۆيگە قايتىپ ئورما ئو-رۇپ، توخۇ باققىنىمىز تۈزۈككەن.

— قارا سېنى، ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندىلا سېنىڭ يىلىڭ چىقىپ كېتىدۇ دېسە. ئۆيگە قايتىپ يەر تېرىغاد-نىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بىز رىتسارلارنىڭ تۇر-مۇشىلا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان تۇرمۇش، ئويلاپ باقە، بىز ئارقا ـ ئارقىدىن شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتۇق، سەن بۇلاردىن قىلچە تەسىرلەنمىدىڭمۇ؟

— بىراق ئەپەندىم، مەن بىرەر قېتىممۇ غەلىبە قىل-غىنىمىزنى كۆرمىدىم، ئەكسىچە ھەممىلا يەردە رەسۋا بو-لۇپ، كىشىلەردىن دەككە ـ دەشنەم يەپ، باشقىلارنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ يۈرۈيمىز. ھە راست، سىز بىر قېتىم غەلىبە قىلغانمۇ بولدىڭىز، بىراق تۆلىگەن بەدەلمۇ

بەك چوڭ بولدى. يېرىمى يوق قۇلىقىڭىزنى بىر سىلاپ بېقىڭچۇ!

— توغرا، توغرا، ئادەمنىڭ روھىنى چۇشۇرىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، بىراق...

دونكىخوت سۆزلەۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن تولىمۇ يىراق جايدا چاڭ ــ توزان ئۆرلەتىپ بىرنەرسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ــ دە، بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ توختىماستىن ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقان چاڭ ــ توزانلارنى سانچوغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— رىتسارلارچە قورقۇمسىز روھنى نامايان قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، مەن قول باغلىشىمەنكى، بۇگۈن مېنىڭ تەلىيىم كەلگەن كۈن، كۆرۈۋاتامسەن! ئاۋۇ نېمە؟ ھەيۋەتلىك ئاتلىق قوشۇن ئەمەسمۇ، ئۇلار دەل بىز بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ....

— نېمە، كەينىمىزدىمۇ ئاتلىق قوشۇن باركەنغۇ!...

دونكىخوت كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ ئىككى قوشۇننىڭ ئۆزلىرىنى ئالدى ــ كەينىدىن ئىسكەنجىگە ئالغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئۇلار ھازىرلا بىر مەيدان كەسكىن جەڭ قاينىمىغا كىرىپ، ھايات ــ ماماتلىق ئېلىشاتتى. دونكىخوت خۇشاللىقتىن قىن ــ قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ ھازىرلا ئاجىزلارغا يار ــ يۆلەك بولۇپ يامانلارنى يوقىتىشقا ئاتلىناتتى، «رىتسار روھى دەل

ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش ئەمەسمۇ»؟

دونكىخوت بىلەن سانچو ئىككىيلەن تېزلىك بىلەن بىر تۆپىلىككە ئۆمىلەپ چىقىشتى. ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇ- رىدىغىنى شۇكى، بۇ ئەتراپتا يەر - جاھاننى بىر ئالغان چاڭ - توزاندىن باشقا ھېچقانداق بىر ئاتلىق ئەسكەر كۆ- رۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ چاڭ - توزانلار دونكىخوتنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ خىيا- لىي دۇنياسىغا چوڭقۇر غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ ھە دېگەندىلا بىرنېمىلەرنى دەپ، ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان ۋە مەۋجۇت بولمىغان بىرمۇنچە پالۋانلارنىڭ ئىسىملىرىنى زىكىر قىلىپ كەتتى، ئاللىقانداق سېرىق ساۋۇت كىيگەن جاسا- رەتلىك جەڭچى، شىر سۈرەتلىك قالقان كۆتۈرۈۋالغان كى- شى — پوئەنتې دې پلاتانىڭ پادىشاھى لائۇر كالكو؛ ئاللى- قانداق تەڭداشسىز باتۇر، جاسارەتلىك ئەزىمەت — مىكو كولىمبو؛ بەستلىك پالۋان، شىر يۈرەك باتۇر براندا بارباران ... قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ يەنە رېئال- لىققا قايتىپ ئالدىدىكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ تەرەپتىكىسى بىرلەشمە قوشۇن، ئۇ كۆپ مىل- لەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىسپانلارمۇ، فرانسۇزلارمۇ، ئوقىيا ئىچىش، ئات مىنىشكە ماھىر پارسلارمۇ، كالپۇكلى- رىغا تۆشۈك ئېچىۋېلىشقان ئالبانلارمۇ، ئەرەبلەرمۇ، ئىتال- يانلارمۇ بار. قارىغىنا، ھەرقايسى مىللەت قوشۇنلىرىنىڭ

ھەممىسى مۇشۇ يەرگە توپلانغان، — دېدى.

سانچو كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ھەممە تەرەپكە قاراپ چىقتى. ئۇ قارىغانسېرى گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت چاڭ - توزانلا بار ئىدى، بىرلەشمە قوشۇن تۈرماق بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— خوجايىن، قېنى ئۇ سىز دەۋاتقان پالۋانلار، رىتسارلار؟ مەن ئەجەب بىرەرسىنىمۇ كۆرمەيمەنغۇ؟

— ساڭا نېمە بولدى؟ ئەجەبا كۆز ئالدىڭدىكىسى قىر - چاپ بىلەن تولغان جەڭ مەيدانى، قۇلىقىڭغا ئاڭلان- غىنى جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ؟

— بىراق راست گەپنى ئېيتسام، خوجايىن، مەن پەقەت قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازلىرىنىلا ئاڭلاۋاتىمەنغۇ؟

— سانچو، سەن قورقۇپ قاپسەندە، ھېچقىسى يوق، بۇ يەردە مەن بار، سەن بىر چەتتە تۇرۇپ، مەن دونكىخوتنىڭ ئۇلارغا قانداق تېتىغىنىمنى كۆرسەڭلا بولدى. مېنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىم ئۇلارنىڭ يېڭىش - يېڭىلىشىنى بەل- گىلەيدۇ.

دونكىخوت شۇ گەپلەرنى دېدى - دە، ئېتىنى دېۋىتقى- نىچە پەسكە قاراپ ئېتىلدى ۋە پىتىراپ كەتكەن قوي پادى- سىنىڭ ئارىسىغا كىرىپلا كەتتى.

— خوجايىن، خوجايىن! خاتالاشتىڭىز، ئۇ دېگەن قوي، قوي پادىسى!

سانچو ھەرقانچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپمۇ كالىلىسى قىزىغان دونكىخوتنى توسۇپ قالالمىدى.

— خوجايىن، دەرھال قولىڭىزنى تارتىڭ، ئىسىت بۇ بىچارە قويلارنى، ۋاي تەڭرىمەي!

دونكىخوت نەيزىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ زەرب بىلەن سانجىيتتى. بىچارە قويلار كاللىسى قىزىپ قالغان دونكىخوتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغانىدى، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن قىپقىزىل قان ئىچىگە يىقىلماقتا ئىدى.

پادىچىلار بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، بىرپەستىن كېيىن ئاللا ـ توۋا سېلىشقا باشلىدى ۋە ئاخىردا دونكىخوتنىڭ تەلۋىلەرچە قىلمىشىغا قورال كۈچى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار رەڭگەتكىلىرىنى چىقىرىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن دونكىخوتقا تاش ئېتىشقا باشلىدى.

دونكىخوت ئۇچۇپ كېلىۋاتقان تاشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرغاچ، داۋاملىق جەڭ قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر تاش ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى، شۇ زاماتلا ئۇنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى سۇندى. ئۇ كۆكرىكىنى تۇتقىنىچە: «مەن يارىلاندىم، شەرەپ بىلەن يارىلاندىم» دەپ ۋارقىرىدى ۋە يېنىدىن كومزىكىنى چىقىرىپ ھېلىقى شىپالىق

دورىسىنى ئىغىزىغا قۇيدى، بىراق ئۇ دورىدىن ئەمدىلا بىر يۇتۇم ئىچىشىگە يەنە بىر تاش كېلىپ دورا كومزىكىگە تەگدى، دورا كومزىكى چېقىلدى، ئۇنىڭ قولىمۇ يارىلاندى، چاچراپ چىققان كومزەك سۇنۇقلىرى ئۇنىڭ تۆت تال چىشىنى تۆكۈۋەتتى. ئىغىر يارىلانغان دونكىخوت ئاخىر ئاتتىن يىقىلدى.

پادىچىلار دەررۇ قويلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۆلگەن، يارىلانغان قويلارنى مۈرىلىرىگە ئارتىشىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپلا كېتىپ قېلىشتى.

سانچو ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ كېلىپ غۇدۇراپ ـ قاقشىغىنىچە دونكىخوتنىڭ چىشلىرىنى تېرىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا دونكىخوت ئىچكەن ھېلىقى شىپالىق دورا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى ـ دە، سانچونىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە غارقىرىتىپ قۇسۇۋەتتى.

بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن سانچو دەسلەپتە دونكىخوتنى قان قۇستى دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئېسىگە كەلگەن چېغىدا قۇسۇقىنىڭ قان ئەمەس، بەلكى غەلىتە پۇراقلىق بىر دورا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇ ئەسنادا سانچومۇ كۆڭلى ئېلىشىپ بولالماي غارقىرىتىپ قۇسۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئاشقازىنىدىكى قالدى ـ قاتتىلارنىڭ ھەممىسى ئېتىلىپ چىقىپ دونكىخوتنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى

بولغىنىۋەتتى.

ئىككىيلەن خورجۇننىڭ يوقالغانلىقىنى ئەمدى بايـ-
قاشتى، مۇھىمى شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ
كەتكەن بولۇپ، پۇل ئاشۇ خورجۇندا ئىدى.

— يەيدىغان نەرسە ئىزدەش بىلەن قالماي، ئالدى بىلەن
مېنىڭ چىشىمغا قاراپ باققىنا، نەچچىسى چۈشۈپ
كېتىپتۇ؟ — دېدى دونكىخوت.

سانچو شۇ زاماتلا بارمىقىنى دونكىخوتنىڭ ئاغزىغا
تىقتى.

— بۇ تەرەپتە ئەسلى نەچچە چىشىڭىز بار ئىدى
خوجايىن؟

— تۆت تال، ھەممىسى ساق ئىدى، نېمە بوپتۇ؟

— يەنە ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭا.

— تۆت تال ياكى بەش تال، — دېدى دونكىخوت ئويلىـ-
نىپ تۇرۇپ كېتىپ.

— بىراق خوجايىن، ھازىر بىر تالمۇ چىشىڭىز قالماپـ-
تۇ!

— نېمىدېگەن بەختسىزلىك!— دونكىخوت ئازابلانغان
ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن بىر بىلىكىمدىن ئايرىـ-
لىپ قېلىشقىمۇ رازى ئىدىم، سەنمۇ بىلىسەن، چىش دېگەن
ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟ بىراق رىتسار بولغاندىـ-
كىن، جەبىر - جاپا تارتىشمۇ ھەقلىق دېگىنە، بۇ دېگەن

قانچىلىك ئىشتى دەيسەن؟! بىز يولىمىزغا ماڭايلى.

## سەپەردە ئاق كىيىملىكلەر بىلەن ئۇچرىشىش

خوجايىن بىلەن مالاي ئىككىيلەن يولىنى داۋاملاشتۇردى. سانچو يول بويى «قاراڭ سىزنى نەس باسقىنىنى، بىلىكىڭىزدىن ۋە چىشلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز، ئەمدى مانا پۇلىمىزمۇ يوق بولدى» دەپ غۇدۇراپ ـ قاقشاپلا ماڭدى. ئىككىيلەننىڭ قورساقلىرى كوركىراشقا باشلىدى. ئۇلار يول ئۈستىدە بىرەر ساراي ـ مېھمانخانىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. بىرەر كەنت بولسىمۇ مەيلى ئىدى، بىراق ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ يولدا بىرەر ئۆينىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بىردىنلا ئالدى تەرەپتە ئاجىز ئوت يورۇقى كۆرۈندى. ئوت يورۇقى تەۋرىنىپ، گاھ چېچىلىپ ـ گاھ يىغىلىپ، بىردەم دانە ـ دانە يۇلتۇزلارغا ئوخشىسا، بىردەم چوڭ ئوت شارىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇ ئوت يورۇقلىرى دونكىخوت تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئىككىيلەن قورقۇشقا باشلىدى، سانچو توختىماي تىترەيتتى، دونكىخوتمۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ غەيرەتكە كېلىپ:

— سانچو، ھەرگىز قورقما، مەن بار ئەمەسمۇ، رىتسارغا يەنە پۇرسەت كەلدى، — دېدى.

— خوجايىن، ئۆتۈنۈپ قالاي، بىز بالدۇرراق ئۆزىمىزنى

چەتكە ئالايلى، يارىڭىز تېخى ساقايغىنى يوق، قوۋۇرغىڭىز، چىشىڭىز....

— قورقما سانچو، مېنىڭ يارىلانغىنىم راست، بىراق مەندە جاسارەت ۋە ماھارەت بار، ئۆزۈڭنى روھلۇق تۇت، مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

شۇ گەپلەردىن كېيىن ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىپ، ئوت شارىنىڭ يېقىنلىشىشىنى كۈتتى.

بىرپەستىن كېيىن ئۇلار نۇرغۇن ئاق كىيىملىكلەر-نىڭ ئۇلاغلارغا مىنىشىپ، ھەربىرى بىردىن مەشئەل كۆ-تۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىر جىرغىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە قارا رەخت يېپىلغانىدى. ئۇلار چىغىر يولنى بويلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇغىنىچە كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ تۇرقىمۇ، ئاۋازلىرىمۇ سۇرلۇك ۋە غەلىتە ئىدى.

بۇ ھالنى كۆرگەن سانچو قورقۇپ تىترەپ تۇگۇلۇپلا قالغانىدى.

دونكىخوتتا بولسا قورقۇش ئالامەتلىرى يوق ئىدى، ئۇ يەنە خىيالىي تۇيغۇلار ئىلكىگە غەرق بولدى، ئۇنىڭچە جىرغا ئۈستىدە ياتقان كىشى بىر رىتسار بولۇپ، ئۇنىڭ دونكىخوت ئالدىدا پەيدا بولۇشى دونكىخوتتىن ئۆزىنى قۇت-قۇزۇشنى ياكى ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىۋاتقىنى ئىدى.

مۇشۇلارنى ئويلىغان دونكىخوت ئېتىنى قامچىلاپ ئالدىغا چىقتى ـ دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ نەيزىسى بىلەن يولنى توردى:

— توختاش، ھەرقايسىڭ كىم بولۇشىسەن، نەگە بېرىشىسەن، جىرغىدا ياتقان كىم بولىدۇ، چاپسان ئېيتىش!

ئاق كىيىملىكلەر يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ھېچكىم مېڭىشتىن توختىمىدى.

— بىز ئالدىراپمىز، سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىدىغانغا ۋاقتىمىز يوق! — دېدى بىر ئاق كىيىملىك بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن.

دونكىخوت كاپلا قىلىپ ئاق كىيىملىكنىڭ قېچىرىنىڭ نوختىسىدىن تۇتتى ـ دە، غەزەپ بىلەن:

— سەن رىتسارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان نېمىكەنسەن، چاپسان جاۋاب بەر، بولمىسا رەھىم قىلمىدى دەپ مەندىن ئاغرىنما، — دېدى.

دونكىخوت نوختىسىدىن تۇتۇۋالغان قېچىر ئۈركۈپ كەتتى ـ دە، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىك بولدى، قېچىر ئۈستىدىكى ئادەم شۇ زاماتلا يەرگە يىقىلدى.

ئاق كىيىملىكلەر قوشۇنىدىكى بىر ئاتچى ئۆز ئادىمىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دونكىخوتنى تىللاپ كەتتى. دونكىخوت بىر نەيزە ئۇرۇۋىدى، ئاتچى شۇ زاماتلا يەرگە يىقىلدى، ئارقىدىنلا دونكىخوت قوشۇن ئىچىگە ئېتىلىپ

كىرىپ، ئەتراپتىكىلەرگە قالايمىقان نەيزە ئۇرۇپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق كىشىلەرنى ئەرەختەن- پەرەخ- تەن قىلىۋەتتى، ئۇلار ئامالسىز مەشئەللىرىنى كۆتۈرگى- نىچە تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى.

سانچو ئۆز خوجايىنىنىڭ رىتسارلىق روھىغا قايىل بولۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا جاھان كېزىشكە قايتىدىن ئى- شەنچ پەيدا بولدى.

دونكىخوتنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغان كىشىدىن قاي- تا- قايتا سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئايان بولدىكى، بۇ كىشىلەر كىيىۋالغان ئاق كىيىملەر ئۇلارنىڭ قارىلىق كىيىملىرى بولۇپ، جىرغا ئۈستىدە قارا رەختكە ئورىلىپ ياتقىنى بىر مۆتىۋەرنىڭ جەسىتى ئىكەن. يۇقۇملۇق كې- سەللىك ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ، هازىر ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلماقچى بولۇپ ماڭغانىكەن.

— ئۇنىڭ ئۆلۈشى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، — دې- دى دونكىخوت، — مېنىڭ قىساس ئالىمەن دەپ يۈرۈشۈم- نىڭ ئورنى قالماپتۇ. مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، پېقىر لامانچالىق جاھان كەزدى رىتسار بولىمەن، نام- شەرىپىم دونكىخوت بولىدۇ، ئاۋام خەلق ئۈچۈن بالايىئاپەت- لەرنى يوقاتماقنى ئىرادە قىلىپ جاھان كېزىپ يۈرۈپتىمەن.

— سىز خەلق ئۈچۈن بالايىئاپەتنى يوقاتماقنى ئىرادە قىلغان ئىكەنسىز، — دېدى ھېلىقى كىشى يىغلامسىرىغان ھالدا، — ئۇنداقتا ئالدى بىلەن مەندەك ئاجىز بىچارىگە رەھىم قىلىڭ، سىز ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ ئورنۇمدىنمۇ تۇرالماس قىلىپ قويدىڭىز ئەمەسمۇ.

— ئۇ ئۆزۈڭنىڭ شورى، كىم سېنى مېنىڭ سوئاللىمغا جاۋاب بەرمىسۇن دەپتۇ؟! — دېدى دونكىخوت.

دونكىخوت بىلەن سانچو ياردارنى يۆلەپ قېچىرغا مىنگۈزدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆز ھەمراھلىرىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى سورىدى.

— سىز ھەمراھلىرىڭىزغا سىلەرنى پاراكەندە قىلغان كىشىنىڭ مەشھۇر رىتسار دونكىخوت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يەنە «بەتبەشىرە رىتسار» دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى سانچو.

ھېلىقى ئادەم كەتكەندىن كېيىن دونكىخوت سانچودىن ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن «بەتبەشىرە رىتسار» دەپ ئاتىغانلىقىنى سورىدى.

— چۈنكى مەن سىزنىڭ مەشئەل يورۇقى ئاستىدىكى چىرايىڭىزنى كۆرۈپ قورقۇپلا كەتتىم، — دېدى سانچو، — سىز كېچە-كۈندۈز قاتراپ يۈرۈپ، ھېرىپ-چارچىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىشىڭىز چۈشۈپ كەتكەچكە، چىرايىڭىز بەكمۇ بەتبەشىرە بولۇپ قاپتۇ!

دونكىخوت بۇ گەپكە خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە:
— ئادەتتە رىتسارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەقىمى بو-لىدۇ. خۇددى «مەڭگۈلۈك رىتسار»، «قورقۇمسىز رىتسار» دېگەنلەرگە ئوخشاش. سەن ماڭا بۇ لەقەمنى قويغان ئىكەن-سەن، مەن ئۇنى رەسمىي لەقىمىم قىلىۋالاي دەپ ئويلاۋاتى-مەن، — دېدى.

بايا ھېلىقى ئاق كىيىملىكلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتى-راپ كەتكەن چاغدا، سانچو ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرمۇنچە ئو-زۇق - تۈلۈك يىغىپ ئېشەككە ئارتىپ قويغانىدى.

ئىككىيلەن پاراڭلاشقاچ يولغا راۋان بولدى، ئۇلار كەڭ كەتكەن بىر جايغا كېلىپ ئۇلاغلىرىدىن چۈشتى - دە، ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىشقا باشلىدى. ئۇلار تويۇشىنىغۇ تويدى، بىراق سۇ بولمىغاچقا تاماقتىن كېيىن ئۇسساپ، ئۇسسۇزلۇقتا چىدىيالمايلا قالدى.

## ۋەھىمىلىك، ئەمما خەتەرسىز ۋەقە

سانچو بۇ يەردە ئوتلاق بولغانىكەن، جەزمەن سۇ مەن-بەسى بولىدۇ دەپ ئويلىدى - دە، ئىككىيلەن ئوتلاقتا تە-مىسقلاپ سۇ ئىزدەپ مېڭىشتى. ئاسمان بارا - بارا قارا-يىشقا باشلاپ، ئاخىر پۈتۈن جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. ئۇلار ئەمدىلا ئىككى يۈز قەدەمچە مېڭىشىغا، ئۇشتۇمتۇتلا

شارقىرىغان سۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ شارقىراتمىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ ئاۋازىدەك قىلاتتى. ئىككىسىلەن خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا سىغماي قېلىشتى. ئۇلار قەدەملىرىنى توختىتىپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغۇدى، يەنە بىر خىل غەلىتە ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەندەك بولدى.

بۇ رىتىملىق ئۇرۇلۇۋاتقان بىرنەرسىنىڭ ئاۋازى ئىدى، تۆمۈر پارچىسى بىلەن تۆمۈر زەنجىرنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىپ سۈركىلىشىدىن پەيدا بولغاندەك بۇ ئاۋاز تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى.

سانچو قورقىنىدىن تۈگۈلۈپلا قالدى. دونكىخوتنىڭ بولسا يەنە رىتسارلىق كېسىلى قوزغالدى. ئۇ باتۇرانە روھ بىلەن ئېتىغا مىنىپ، نەيزىسىنى ئوينىتىپچە سۆز باشلىدى:

ــ سانچو، باتۇرلۇقۇمنى نامايان قىلىدىغان يەنە بىر پۇرسەت يېتىپ كەلدى. تەڭرى ماڭا ئالتۇن دەۋرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى، مەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىم، ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە تەييار تۇرۇشۇم كېرەك. شۇ سەۋەبتىن، سانچو، بىز ئىككىمىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، مەن ئۈزۈم جىن ـ ئالۋاستىلارنى يوقاتقىلى بارىمەن، سەن مېنى مۇشۇ يەردە ئۈچ كۈن ساقلاپ باق، ئەگەر مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلەلمىسەم، سەن ئۆيگە قايتىپ بېرىپ دولسىنىيە مەلىكىگە دوكلات

قىل، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ رىتسارىنىڭ ھەققانىيەت يولىدا جان پىدا قىلغانلىقىنى ئېيت.

سانچو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىدى.

— خوجايىن، نېمىشقا بۇنداق ھاجەتسىز خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىسىز؟ ئۇنداق قورقۇنچلۇق جايغا بىزنىڭ چوقۇم بېرىشىمىز ھاجەت ئەمەس، ھەرقانچە ئۇسساپ كەتسەكمۇ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، سىزنى ھېچكىم قورقۇنچاق دېمەيدىغۇ، نېمىدەپ بۇنچە ئەستايىدىللىشىپ كېتىسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، سىزگە ئەگىشىپ ئەل كېزىپ يۈرۈپتىمەن، سىز ئىلگىرى ۋەدە قىلغان دېڭىز ئارىلىغا ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەمدىلىكتە ئىگە ـ چاقىسىز تاشلاندۇققا ئايلانغىلى تاشلاندۇققا ئايلانغىلىۋاتىمەن. خوجايىن، يەنە ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ، شۇ چاغدا بىز قايتا مەسلىھەتلەشسەك قانداق؟ — دېدى سانچو يىغلاپ تۇرۇپ.

— سانچو، مەن ھەرگىز سېنى ئىگە ـ چاقىسىز تاشلىۋېتىپ كارىم بولمايدىغان ئىشنى قىلمايمەن. مەن تەڭرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەۋەككۇل قىلغىلىۋاتىمەن، ساڭىمۇ ياخشى باشپاناھ بولىمەن، چاپسان ماڭا ياردەملىشىپ، ئاتنىڭ تۆشۈكىنى چىڭىتىپ بەرگىن.

دونكىخوت ئۆز قارارىدا جاھىللارچە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇنى ئۆز نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئامالسىز قالغان سانچو

بىر ھىيلىنى ئويلاپ تاپتى ـ دە، دونكىخوتنىڭ دىققەتـ سىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاتنىڭ ئالدى ئىككى پۇتىنى چۇشەپ قويدى. بۇنداقتا ئات پەقەت جايىدا سەكرىيەلەيتتى، ئەمما ماڭالمايتتى.

دونكىخوت ئاتقا مىنىپ دېۋىتتى، بىراق ئات ماڭالـ مىدى.

— قاراڭا خوجايىن، بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، تەڭـ رىمۇ سىزنىڭ بېرىشىڭىزنى راۋا كۆرمەيۋاتىدۇ. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغايسىز! — دېدى سانچو پۇرسەتنى غەنىيـ مەت بىلىپ.

دونكىخوت بۇنىڭغا ئىشىنىپ ئاتتىن چۇشۇشكە مەجـ بۇر بولدى:

— بوپتۇ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىپ، تاڭ ئاتقاندا ئاندىن ماڭاي! — دېدى ئۇ.

سانچو خوجايىنىنى ئاتتىن يۆلەپ چۇشۇرگەچ بىر ھېكايىنى توقۇپ چىقتى، ئۇ چوپان يىگىتنىڭ چوپان قىزغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغانلىقى ھەققىدىكى ھېـ كايە ئىدى. دونكىخوت بۇنىڭغا قىلچىمۇ قىزىقىپ كەتمىـ دى. ئۇ پەقەت بالدۇرراق سەپەرگە ئاتلىنىشنىلا ئويلايتتى، بىراق ئاتنىڭ سەۋەبىدىن يولغا چىقالمايۋاتاتتى.

ئىككىيلەن گەپ تالاشقانچە نەچچە سائەتنى سەزمەيلا

ئۆتكۈزۈۋېتىشتى، بارا ـ بارا تاڭ يورۇشقا باشلىدى. سانچو ئاتنىڭ چۈشەلگەن پۇتلىرىنى تۈيدۈرمايلا يېشىۋەتتى، ئەر- كىنلىكى ئەسلىگە كەلگەن ئات خۇشاللىقىدىن تېپىچەك- لەپ، تاقلاپ كەتتى، دونكىخوت بۇنى كۆرۈپ خۇرسەن بول- دى:

— قارا، تەڭرى مېنى دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى، — دېدى ئۇ.

سانچو خوجايىنى بىلەن خەتەرگە بىللە تەۋەككۇل قى- لىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ خوجايىن بى- لەن مالاي ئىككىيلەن سۇنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار بىر مەھەل يول يۈرگەندىن كېيىن، ئوتلاقنىڭ باش تەرىپىدە بىر شارقىراتمىنى بايقاشتى، شارقىراتمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر كىچىك ئۆي بار ئىدى، ھېلىقى غەلىتە ئاۋاز دەل ئاشۇ ئۆيدىن چىقىۋاتاتتى.

دونكىخوت غەيرەتكە كېلىپ ھېلىقى كىچىك ئۆيگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى، ئۇ ئىچىدە توختىماي دۇرۇت ئوقۇيتتى، سانچو بولسا قورقۇپ غال ـ غال تىترىگىنىچە دونكىخوتنىڭ كەينىدىن سوكۇتشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە يۈز قەدەمچە مېڭىپ بىر ئايلانمىغا كەلگەندىلا يېنىك تىن ئېلىپ «ئۇھ!» دېيىشتى. ئەسلىدە ئۇلارنى نەچچە سائەتلەپ ساراسىمىگە سېلىپ، يۈرىكىنى

پوكۇلداتقان نەرسە بىر سۇ چاقپەلىكى بولۇپ چىقتى، ھې-لىقى ئاۋاز چاقپەلەك ئايلانغاندا چىققان ئاۋاز ئىكەن.

ئىككىيلەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى، ئارقىدىنلا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— خوجايىن، تولىمۇ قىزىق ئىش بولدىغۇ بۇ، ناۋادا رىتسارلار تەۋەككۈل قىلىدىغان خەتەر مۇشۇنداقلا بولىدى-غان بولسا، ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىي-دىكەن جۇمۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم، ھەددىڭدىن ئاشما! خوجايىن بىلەن مالاي ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇشى كېرەك. يەنە كېلىپ، ناۋادا ئالدىمىزدىكى سۇ چاقپەلىكى بولماي، راستتىنلا بىر ئە-سەبىيلەشكەن گىگانت مەخلۇق بولغان بولسىمۇ، مەن يە-نىلا ئۇنى ئۇرۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن بولاتتىم. ئەجەبا سەن بىر ئۇلۇغ رىتسارغىمۇ ئىشەنمەمسەن؟

— خوجايىن، مېنىڭ راستتىنلا سىزنىڭ چىشىدى-ڭىزغا تەگكۈم يوق ئىدى، بىراق بايامقى ئىش بەكمۇ كۈل-كەمنى قىستىدى.

— دەرۋەقە بىرئاز كۈلكىلىك، بىراق رىتسار دېگەندە دۈشمەنگە نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرىدىغان روھ بولۇشى كېرەك، ھەرقاچان ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييار تۇرۇ-شى لازىم. سەنمۇ دۇرۇس ئىش قىلدىڭ، خوجايىنىڭغا ئە-گىشىپ ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلغىنىڭ ئۈچۈن قايتىپ

بارغاندىن كېيىن مەن ساڭا ئىنئام بېرىمەن.

— خوجايىن، مېنىڭ ئىنئامدىن تامايىم يوق، پەقەتلا ئىش ھەققىمنى قاچانلاردا ئالالايدىغانلىقىمنى بىلگۈم بار. توغرا، ئىش ھەققىمنى قاچان ئالىمەن؟ كۈنلۈك ھېسابلاپ ئالىمەنمۇ ياكى ئايلىق ھېسابلاپ ئالىمەنمۇ؟

— سېنىڭ ئىش ھەققى دېگەنلەر بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئىش ھەققىڭ ھەرگىز كەم بولۇپ قالمايدۇ، مەن ۋەسىيەتنامەمنى ئاللىبۇرۇنلا يېزىپ قويغانمەن، ئۇنىڭغا سېنىڭ ئۇلۇشۇڭ پۈتۈلگەن، ئالمادىس ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، سەن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ ئۈچۈن غەم يەپ كەتمەيسەن. پەقەت مەندەك رىتسار تەۋەككۈلچىنىڭ تۇرمۇشىلا ئەبىدىلئەبەد مۇئەللەقتىكى پولات سىم ئۈستىدە ماڭغاندەك ئۆتىدۇ.

— رەھمەت ئەپەندىم، سىز تولىمۇ بەلەن ئادەم، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمىتىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى قىلىمەن، سىزنى ھەرگىز زاڭلىق قىلمايمەن، سىزنىڭ مەدھىيىلىشىمگە تېگىشلىك خوجايىنىم ئىكەنلىكىڭىزنى مەڭگۈ ئېسىمدە تۇتىمەن.

## مامبرىننىڭ دۇبۇلغىسى

شۇ ئەسنادا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى،



سانچو ھېلىقى كىچىك ئۆيگە كىرىپ يامغۇردىن پاناھلان-
ىشنى ئويلىدى، ئەمما دونكىخوت جاھىللىق قىلىپ ئۇ-
نىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىر شارقىراتمىدىن، كى-
چىك ئۆيدىن ئايرىلىپ يېڭى بىر يولغا چۈشۈپ يۈرۈپ
كەتتى.

بىر مەھەل يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا
بىر ئېشەكلىك ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ بېشىغا يالت ـ يۇلت
قىلىپ پارقىراپ تۇرىدىغان بىرنەرسە كىيىۋالغان بولۇپ،
تولىمۇ غەلىتە كۆرۈنەتتى.

— چاپسان قارا سانچو، مامبرىنىنىڭ دۇبۇلغىسىنى
كىيىۋالغان بىر ئادەم بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دونكى-
خوت بىردەمدىلا ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىغا قايتىپ بول-
غانىدى، — مېنىڭ ئاشۇ دۇبۇلغىنى قولغا چۈشۈرۈشكە
قەسەم قىلغىنىم ئېسىڭدىمۇ سانچو؟ تەقدىر مېنى ئۇنىڭغا
ئۇچراشتۇردى.

— بىراق مەن پەقەت ئېشەككە مىنىۋالغان بىر ئادەم-
نىلا كۆردۈم، بېشىغا پارقىرايدىغان بىرنەرسىنى كىيىۋاپ-
تۇ، خالاس. ھەيران قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق.

— ھەيران قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوقمىش، ئۇ دېگەن
ھەقىقىي مامبرىن دۇبۇلغىسى، سەن نېمىلا دېگەنبىلەن
چۈشەنمەيسەن، بوپتۇلا ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ ئولتۇرغۇچە ئۇ
دۇبۇلغىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلاي.

«دۇبۇلغا» كىيىۋالغان ئەر كىشى كەنتتىكى ساتىراش بولۇپ، تېبابەتچىلىكتىنمۇ ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ قوشنا يېزىدىكى بىر بىمارنىڭ كېسىلىنى كۆر-گىلى كېتىۋاتاتتى. كېسەلدىن قان ئېلىۋېتىشكە تېگىش-لىك بولغاچقا، ئۇ بىر مىس داس ئېلىۋالغان بولۇپ، يامغۇر يېغىپ كەتكەچكە ئۇ مىس داسنى بېشىغا كىيىۋالغانىدى. ئۇيلىمىغان يەردىن دونكىخوت ئۇنى رىتسار، ئۇنىڭ بېشى-دىكى داسنى دۇبۇلغا دەپ قالغانىدى.

— بېشىڭدىكى دۇبۇلغىنى قويۇپ كەت رىتسار!— دونكىخوت ۋارقىرىغان پېتى نەيزىسىنى ئوينىتىپ ساتى-راشقا نەيزە ئۇردى. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قورقۇپ كەت-كەن ساتىراش ئېشەكتىن ئۆزىنى تاشلاپ، بىر يىقىلىپ ـ بىر قوپۇپ، بەدەر تىكىۋەتتى. ھېلىقى «دۇبۇلغا» بولسا تاشلىنىپ قالدى.

دونكىخوت كۆلگىنىچە «دۇبۇلغا»نى قولىغا ئېلىپ بېشىغا كىيدى. بىراق ئۇ قانداقلا كىيىپ باقمىسۇن، دۇ-بۇلغىنىڭ يۈزلۈكىنى زادىلا تاپالمىدى.

— بۇ دۇبۇلغا ئەينى چاغدا جەزمەن ناھايىتى يوغان باش بىر ئادەم ئۈچۈن ياسالغان، ئەمما ئادەمنى ئەپسۇسلان-دۇرىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆلچەملىك ياسالمىغانلىقى، — دېدى دونكىخوت.

سانچو خوجايىنىنىڭ بۇ كۈلكىلىك ئىشلىرىنى

كۆرۈپ، ھەم كۈلگۈسى، ھەم ئاچچىقى كەلگەن ھالدا:

— خوجايىن! بۇ ناھايىتى چىرايلىق بىر داسقۇ، خالاس.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، بۇ دېگەن ساپ ئالتۇندىن ياسالغان دۇبۇلغا، ئىنتايىن قىممەتلىك، پەقەت ياخشى ياسالمىغانلا يېرى بار، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئوڭشىتىۋالساملا بولىدى، ھازىرچە دۇبۇلغام بولمىغاچقا، ئۇنى ئىشلىتىپ تۇراي.

ئىككى كۈندىن بۇيانقى سەپەرنى ھەرھالدا ھوسۇللۇق سەپەر دېيىشكە بولاتتى. دونكىخوت سەپەر جەريانىدا گەرچە ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنۇش، تۆت چىشىدىن ئايرىلىپ قىيىلىشتەك قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغان مامبرىن دۇبۇلغىسىغا ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دونكىخوتقا يېڭى بىر سۈپەت قوشۇلدى، ئەمدىكىسى داس «دۇبۇلغا»لىق دونكىخوت ئىدى.

## نەس باسقانلارنى قويۇپ بېرىش

خوجايىن بىلەن مالاي ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ راسا تويغۇدەك يەپ ـ ئىچىشتى، دونكىخوت دۇبۇلغىسىنى كىيدى. ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن خاپىلىق ۋە خۇشاللىقلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ، يەنە يولىغا راۋان بولدى.

يول ئۈستىدە سانچونىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلدى:

— خوجايىن، سىز ھەقىقەتەنمۇ قالتىس، تەڭداشسىز باتۇر رىتسار. بىراق، بىز پەقەت باياۋاندا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەچكىلا كىشىلەرنىڭ بۈيۈك جاسارىتىڭىزدىن بىخەۋەر قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىرەر خان ياكى پادىشاھنىڭ ئېلىگە بارايلى، شۇندىلا بىز داڭق چىقىرىپ، شۆھرەت قازىنالايمىز، تارىختا ئۆچمەس نام قالدۇرالايمىز.

دونكىخوتقا سانچونىڭ سۆزلىرى ياغدەك ياقتى، ئۇ تېخىمۇ شېرىن خىياللار دۇنياسىغا غەرق بولدى. ئۇ ھەتتا پادىشاھنىڭ مەلىكىنى ئۆزىگە ياتلىق قىلىشى مۇمكىن-لىكىنى، ئۇنداق بولغاندا مەلىكىنىڭ دېدىكىنى سانچوغا تويلاپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سانچونى تەسىرلەندۈرۈ-ۋەتتى.

— تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە قارايلى، ئىشقىلىپ ئەمدى مېنىڭ يېرىم ئاچ - يېرىم توق ھالەتتە تېنەپ - تەمتىرەپ غېرىب - مۇساپىر بولۇپ يۈرگۈم يوق. مەن پەقەت گراف بولسىلا رازى بولاتتىم، — دېدى سانچو ھاياجانلانغان ھالدا.

— گراف بولۇش دېگەن نېمىتى، گراف بولماق تولىمۇ ئاسان.

— ئۇنداقتا، مەن گرافلىق تونىنى كىيەلەيدىكەنمەندە! شۇنداق بولسىغۇ ئاجايىپ قالتىس ئىش بولاتتى.

ئىككىيلەن تازا كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋاتقان چاغدا، دونكىخوت بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ مىلتىق، شەمشەرلەر بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئىككى كىشى بىلەن پىيادە ئىككى كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قوللىرىغا كويزا سېلىنغان 12 نەپەر مەھبۇسنى يالاپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

دونكىخوت بىلەن سانچونىڭ پارىڭى ئۇلارغا كۆچتى:

— بۇلار گۇناھكارلاركەن، ئۇلارنى يالاپ كېمىگە ئاچىققىلىۋېتىپتۇ.

— بىراق، ئۇلار قارىماققا بەكلا بىچارە كۆرۈنىدىكەن.

— دۇرۇس، ئۇلار مەيلى قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتكە قالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئاجىزلارغا باشپاناھ بولۇپ، زوراۋانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش رىتسارلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. مەن چوقۇم ئۇلارنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك.

— خوجايىن! بىز تېخى ھېلىلا پادىشاھتىن پاناھلىق تىلەشكە كېلىشكەنىغۇ، ھەرگىزمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويمىغايسىز!

سانچو دونكىخوتنى توسۇپ قېلىشقا ئامال قىلالمىدى، دونكىخوت ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇ تولىمۇ ئەدەپ بىلەن، سىلىق - سىپايە ھالدا، يالاپ مېڭىلغان بۇ مەھبۇسلارنىڭ گۇناھىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— بۇنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سو-را، — دېدى يالاپ ماڭغۇچىلاردىن بىرى بىزارلىق بىلەن.

— سىز نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدىڭىز؟

— ياخشى كۆرۈش جىنايىتى.

— ياخشى كۆرۈشمۇ جىنايەت بولامدىكەن؟

— شۇنداق، مەن كىرخانىدىكى يۇيۇپ پاكىزلانغان بىر سېۋەت كىيىم - كېچەكنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، چىڭ قۇچاقلىۋالدىم، ئەمدى مۇراد - مەقسەتلىرىم ھاسىل بولاي دەپ قېلىۋىدى، مېنى تۇتۇۋېلىشتى.

دونكىخوت ئىككىنچى مەھبۇستىن ئۇنىڭ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى سورىدى، بىراق ئۇ لام - جىم دې-مىدى. يېنىدىكىسى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن جاۋاب بەردى:

— ئۇ بىر تومۇچۇق، ناخشىچى.

— ناخشىچىلىقمۇ جىنايەت بولىدىمۇ ئەمدى؟

ئەسلىدە ناخشىچى دېگەن سۆز تەنە قىلىپ ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلارغا، ئېغىر جازالارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىقرار قىلغانلارنى كۆرسە-تەتتى. بۇنداق ئادەملەرنى ئادەتتە ھېچكىم كۆزگە ئىلمايت-تى.

— ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئات ئوغرىسى.

دونكىخوت ئۈچىنچى مەھبۇستىن سورىدى. ئۇ پەرۋايى پەلەك ھالدا ئۆزىنىڭ سوتچىغا سۇڭگۇتۇپ بېرىدىغان پۇلى

بولمىغاچقا پالانغانلىقىنى ئېيتتى.

تۆتىنچى مەھبۇس مويسىپىت بوۋاي بولۇپ، ئۇ ئادەم ئېلىپ ـ ساتقانلىق جىنايىتى بىلەن جازاغا بۇيرۇلغانىدى.

بەشىنچى مەھبۇس 30 ياشلار چامىسىدا بولـۇپ، تـەـقى ـ تۇرقى يامان ئەمەس، تالىپ سۈپەت كىشى ئىدى. ئۇـنىڭ جىنايىتى باشقىلارنىڭكىدىن ئېغىرراق، بېرىلگەن جازامۇ باشقىلارنىڭكىدىن قاتتىقراق ئىدى.

— ئۇ دېگەن نامى چىققان لۈكچەك، ئۇن يىل كېـسىلگەن، — دېدى يايى.

بۇ ئادەمنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغان دونكىخوتـنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئىسىت! ئۇبدانلا بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىكەنتۇق.

— باسىدىغان نەسىمۇ شۇ ئوقۇمۇشلۇقنى تاپىدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى مەھبۇس.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، يولۇڭغا ماڭ.

— بويۇنتۇرۇق شۇنچە ئېغىر تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ مىدىرلىغىلى بولسۇن؟ — مەھبۇس قەستەنگە گەپ ياندۇرۇۋاتاتتى.

—ئۆلگۈڭ كەپتۇ ـ دە، سېنىڭ! — يايى كالتەكنى كۆتۈرۈپ مەھبۇسنى ئۇرۇشقا تەمشەلدى.

— قولۇڭنى تارت! — دونكىخوت غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەيلا دېدى، — قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق، يەنە

كېلىپ ھەربىكەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان بۇ كى-شىلەرنى ئۇرۇش ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق!

دونكىخوت مەھبۇسلارغا يۈزلەندى:

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى نۇرغۇن كىشىلەر گۇناھ-سىز تۇرۇپ قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇلغان ياكى باي - تۆرە-لەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان، سىلەر ھېسداشلىق قى-لىشقا ئەرزىيدىغان كىشىلەر، مەن سىلەرنىڭ ئەركىنلىك-كە چىقىشىڭلارغا ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئەمما بىز ئەڭ ياخشىسى قورال ئىشلەتمەيلى، بەلكى ئېغىر - بې-سىقلىق بىلەن ئۇلارغا قائىدە سۆزلەپ، ئۇلاردىن سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىشنى ئۆتۈنەيلى!

— بۇرادەر، سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلىشمەن دېگۈچە ئەڭ ياخشىسى بېشىڭدىكى تەرەت قاچىسىنى تۈزەشتۈرۈۋالساڭ بولارمىكىن، — دېدى دونكىخوتنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يايى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.

بۇنى ئاڭلاپ قائىدە سۆزلەپ يايىلارنى قايىل قىلىش كويىدا يۈرگەن دونكىخوتنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى، ئۇ نەرە تارتقىنىچە بېرىپ يايىغا نەيزە ئۇردى، يايى شۇ ھا-مانلا يەرگە يىقىلدى. باشقا يايىلار دەسلىپىدە نېمە قى-لىشنى بىلمەي قېلىشتى، بىراق ھايال ئۆتمەيلا ھەممىسى تەڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ دونكىخوتنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋېلىشتى. دونكىخوت تەمكىنلىك بىلەن جەڭگە

ئاتلاندى.

مەھبۇسلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، بويۇنتۇرۇق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىنىپ قېچىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ چاغدا يايىلار ئۆرتۆپە بولۇشۇپ بىر تەرەپتىن دونكىخوتقا تاقابىل تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەھبۇسلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشاتتى.

شۇ ئەسنادا سانچو مەھبۇسلارنىڭ كويزا ـ كىشەنلىرىنى بوشىتىشقا باشلىدى. بىرىنچى بولۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ھېلىقى «لۇكچەك» يەر چىشلىگەن يايىنىڭ شەمشىرى بىلەن مىلتىقىنى ئالدى ـ دە، يارىلانغان بىر يايىغا بەتلىدى. ئۇ گەرچە ئوق چىقارمىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا يايىلار قورقۇپ، ئۆز جېنىنى ئېلىپ قېچىشتى.

دونكىخوتقا بۇ چاتاقنى ئۆزىنىڭ تېرىغانلىقى ئايدىڭ ئىدى، شۇنداقتىمۇ غەلىبىدىن كېيىنكى مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى ئۇنىڭ رىتسارلارچە سالاپەتنى نامايان قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىغا يول قويمىدى:

— مېھىر ـ شەپقەتنى ئۇنتۇيدىغان كىشىلەر ئەڭ پەس كىشىلەردۇر، ئۇلار خۇدانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۈگۈن مەن خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بىر خەيرلىك ئىش قىلدىم، سىلەرنىڭ ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق. مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تاپشۇرىمەن، سىلەر

لامانچادىكى دولسىنېيە مەلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ-نىڭغا «بەتبەشىرە رىتسار»نىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇت-قۇزۇۋالغانلىقىنى مەلۇم قىلىڭلار، ئۇ ئۇنىڭغا رىتسارنىڭ قالتىس كارامەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭلار.

— سىز بىزنى قۇتقۇزۇۋالدىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز سىزگە رەھمەت ئېيتىمىز، بىراق سىز بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ھەرگىز چىقالمايمىز، بىز مىڭ تەسلىكتە ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق، قايتا تورغا چۈشۈپ قالغۇمىز يوق، — دېدى لۈكچەك كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن.

—ھۇ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئەبلەخ، جاجاڭنى يېگەيسەن ئىلاھىم! —دېدى دونكىخوت غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان لۈكچەكنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى. ئۇ مەھبۇسلارغا شۇنداق بىر كۆز ئىشارىسى قىلىۋىدى، مەھ-بۇسلار شۇ زاماتلا بەس - بەس بىلەن قوللىرىغا تاشلارنى ئېلىپ دونكىخوتقا تەڭلا ئېتىشقا باشلىدى. دونكىخوت مەھ-بۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەل-تۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ھودۇققىنىدىن ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەيلا قالدى. لۈكچەك داس بىلەن ئۇنىڭ دۈم-بىسىگە راسا ئۇردى، داس ماكچىيىپلا كەتتى. باشقا مەھ-بۇسلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئىچ كىيىمى بىلەنلا قالدۇرۇپ قويۇشتى.

بىر مەيدان قاباھەتلىك جەڭ ئايىغلاشتى، دونكىخوت يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە يەردە ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولغانىدى. نېمە ئۈچۈن ياخشىلىققا يامانلىق يانىدۇ؟ دونكىخوت ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئاخىر بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتتى.

— ئەسلىي مەن باشتىلا سېنىڭ گېپىڭگە كىرگەن بولسام ياخشى بولاتتىكەن. ھارامزادىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بۆرىنى قوتانغا باشلىغاندەكلا ئىشكەن، نېمىدېگەن ھاماقەتلىك بۇ سانچو؟!

— دۇرۇس ئېيتىمسىز ئەپەندىم، مەنغۇ بىر قارا قورساق، بىراق قارا قورساقنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلىغىنى بولىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولسىمۇ مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭ، بۇ يەردىن چاپسان كېتىمۋالايلى، پەرىزىمچە، ھۆكۈمەتنىڭ تۇتارمەن ـ سولارمەنلىرى دەل بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

دونكىخوت ھېچنېمە دېمەستىن رايىشلىق بىلەن ئېتىغا مىنىپ، سانچونىڭ ئېشىكىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قاراڭغۇ تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## قاراڭغۇ تاغدىكى سەرگۈزەشت

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇلار قاراڭغۇ تاغقا ئىچكىرىلەپ

كىرىپ، تاغ ئىچىدە تۈنەپ قېلىشتى. ھېلىقى لۈكچەك باشچىلىقىدىكى مەھبۇسلارنىڭمۇ مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمىغانىدى. ئۇلار دونكىخوت بىلەن سانچونىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ سانچونىڭ ئېشىكىنى ئوغرىلاپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئۇلارنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. ئۇلار ئويغىنىپلا ئېشەكنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقاشتى. ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېشىكىدىن ئايرىلىپ قالغان سانچو ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. دونكىخوت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۈچ ئېشەك ئايرىپ بېرىش ھەققىدە ۋەدە بەردى. شۇ چاغدىلا سانچونىڭ يىغىسى توختىدى.

ئىككىيلەن يەنە يولغا راۋان بولدى. يول ماڭغانسېرى ئوڭغۇل - دوڭغۇللىشىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ھال دونكىخوتنى ھاياجانلاندۇرۇۋېتەتتى، تىك ۋە خەتەرلىك تاغ جىلغىلىرى ئۇنى تېخىمۇ كۆپ تەۋەككۈلچىلىك پۇرسەتلىرى بىلەن تەمىن ئېتەتتى. بىراق سانچونىڭ ئويى باشقا ئىشتا ئىدى. ئۇ بىرنەرسىلەرنى يېگەچ تۆت ئەتراپقا سەپسېلىپ كېلىۋاتاتتى ۋە ئاللىقانداق كېلىشمەسلىكلەرنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقىنى تىلەپ، ئىچىدە دۇرۇتلارنى ئوقۇيتتى.

ئۇلار كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدىن بىر چامادان

تېپىۋالدى، چامادانىدا بىرنەچچە قۇر ئىچ كىيىم، قولياغ-لىقىقا ئوراقلىق نۇرغۇن تىللا ۋە بىر خاتىرە دەپتەر بار ئىدى.

دونكىخوت تىللالارنى سانچوغا بېرىپ، ئۆزى ھېلىقى خاتىرە دەپتەرنى ئاچتى. ئۇنىڭدا شېئىر، نەسىر، مۇھەببەت مەكتۇپلىرى ۋە باشقا خەت - چەكلەر بار ئىدى.

ئىككىيلەن چامادانىنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلىشىپ، ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى ئويلاشتى: چامادانىنىڭ ئىگىسى سۆيگىنى تاشلاپ كەتكەن بىرەرسى-مىدۇ؟ ياكى مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلۈۋالغان بىرەرسىمىدۇ؟ يولدىن ئېزىپ قالغان بىرەرسىمىدۇ - يا؟ ئۇلار ئەنە شۇنداق پەرەزلەرنى قىلىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇتلا ئالدى تەرەپتىكى قورام تاش ئۈستىدىن يالىڭاچ دېگۈدەكلا بىر ئەر ئۇچۇپ ئۆتتى. ئىككىيلەن دىققىتىنى يىغىپ بولغۇچە، ھېلىقى ئەر كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى.

دونكىخوت چامادانىنىڭ ئىگىسىنىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكىنى پەملىدى ۋە ئۇنى ساقلاش قارارىغا كەلدى. سان-چو توخۇ يۈرەك بولغاچقا، يەنە كېلىپ تىللالاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغاچقا، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى نىيەت قىلغانىدى. دونكىخوت ئەڭ ئاخىردا چامادانىنىڭ ئىگىسىنى جەزمەن تېپىپ، چامادانىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلار يول يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى، سانچو يوك ـ تاق-لارنى يۈدكىنىچە خوجايىنىغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. بىرپەس يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر يېڭىلىقنى بايقىدى: ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ياۋا ئىتلار بىلەن قاغا ـ قۇزغۇنلاردىن ئېشىپ قالغان بىر ئېشەك تۇراتتى، ئۇنىڭ توقۇم ۋە باشقا جابدۇقلىرى ساپساق ئىدى، دونكىخوت ئۇنى چامادانىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئېشىكى دەپ ئويلىدى.

ئۇ شۇ خىيال بىلەن تۇرغاندا تاغ كەينىدىن بىر توپ قوي چىقىپ كەلدى، قويلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر پادىچى بوۋاي كېلىۋاتاتتى. بوۋاي ئۇلارغا ئالتە ئاي ئىلگىرى چىرايلىق ۋە سىلىق ـ سىپايە كەلگەن بىر يىگىتنىڭ ئې-شەككە مىنىپ بۇ تاغلىققا كەلگەنلىكىنى ۋە يول سوراپلا كېتىپ قالغانلىقىنى، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بىر ھەمراھىنىڭ بولكا، پىشلاقلىرىنى جۇلدۇر كىيىم-لىك بىر ئەر كىشىنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزى بىلەن ھەمراھىنىڭ ھېلىقى بۇلاڭچىنى تۇتۇش نىيىتىگە كەل-گەنلىكىنى، ئۇنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى خويلۇق، تولىمۇ غەلىتە كىشى ئىكەنلىكىنى بايقىغانلى-قىنى سۆزلەپ بەردى.

ــ مېنىڭ پەمىمچە، ھېلىقى ئۇچقۇر كىشى مەن سىلەرگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن يىگىتنىڭ دەل ئۆزى،

ھېلىقى چامادانىمۇ شۇنىڭ، — دېدى بوۋاي ئاخىردا.

دونكىخوت ھېلىقى يىگىتنى ئىزدەپ تېپىشنى كۆڭ-لىگە پۈكتى.

نەچچە سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن، بىر يىگىت دون-كىخوتنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ گەپ - سۆزلىرى مۇلا-يىم، تەربىيە كۆرگەن، ئەمما جۇل - جۇل كىيىملىك بىر كىشى ئىدى.

ئۇ يىگىت دونكىخوتقا ئۆز كەچمىش - كەچۈرمىشلى-رىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مۇھەببەتتىكى ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبىدىن مۇشۇ تاغنى ماكان تۇتۇپتۇ. بىر ئوبدان سۆزلەۋاتقان بۇ يى-گىت ئويلىمىغان يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ دونكى-خوتنىڭ كۆكرىكىنى چەنلەپ ئاتتى. سانچو بۇ ئىشنى كۆ-رۈپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ خوجايىنىنى قوغدىماقچى بولۇۋىدى، ئۇمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ھېلىقى يىگىت بولسا ئۇچقاندەكلا كۆزدىن غايىب بولدى.

سەپەر ئۈستىدە دونكىخوت ۋاقتىنچە ماگماسلىقنى قارار قىلدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز بۇ خىلۋەت تاغدا قېلىپ ئىستىقامەت قىلماقچى بولغانىدى. گۈزەل دولسىنىيە مەلىكىگە ئاتاپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى، ئۇ شېئىر يې-زىۋېتىپ مەجنۇنلارچە - سەۋدايىلارچە ياش تۆكەتتى.

دونكىخوت شېئىرلارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن پېچەتلەپ سانچوغا تۇتقۇزدى ۋە ئۇنى ئىلدام يولغا چىقىشقا ئالدىرات-تى.

سانچو خوجايىنىنىڭ ئۆزىگە ئۇچ ئېشەك بېرىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، شۇڭا ئۇ دونكىخوتقا بىر تىلخەت يازغۇزۇپ ئىمزا قويدۇرۇۋالدى.

سانچو سەپەرگە ئاتلاندى، ئەتىسى ئۇ ئۆتكەندە كىشىلەر ئۆزىنى ئەدىيالغا ئوراپ تالاغا چۆرۈۋەتكەن سارايغا كەلدى. ئۇنى بىرئاز قورقۇنچ باسقان بولسىمۇ، ئەمما قورسىقى ئاچ بولغاچقا، يولغا مېڭىۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئۇ ئىككىلىنىپ تۇراتتى، ئىككى ئەر كىشى سارايدىن چىقىپ كەلدى، ئۇلار بىر قاراپلا سانچونى تونۇۋېلىشتى:

— سانچوغۇ بۇ؟

— توغرا، ئۇ ئات دەل دوستىمىز دونكىخوتنىڭ.

بۇ ئىككى كىشى باشقا ئادەم بولماستىن دەل لامانچا كەنتىدىكى پوپ بىلەن ساتىراشخانا خوجايىنى ئىدى.

سانچو ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۇچراتقاندەك بولدى ۋە ھەش - پەش دېگۈچىلا ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپلىۋەتتى. سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ دونكىخوت يېزىپ بەرگەن خەتلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى، ئۇ ئۇيان ئاختۇرۇپ - بۇيان ئاختۇرۇپ، خەتلەرنى زادىلا تاپالمىدى. ئەسلىدە ئۇ خەتلەر ھېلىقى خاتىرە دەپتەردە بولۇپ، سانچو ماڭىدىغان چېغىدا

ئۇنى دونكىخوتنىڭ يېنىدا ئۇنتۇپ قالغانىدى. خاتىرە دەپتەرنى تاپالمىغاچقا، شۇ زاماتلا سانچونىڭ چىرايى تاتاردى، ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىگە ئەپسۇسلىنىپ، ساقاللىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپلا كەتتى.

— نېمە بولدى؟ نېمىگە بۇنچە هاياجانلىنىپ كەتتىڭ؟

— مېنىڭ ئۈچ ئېشىكىم بىراقلا يوق بولغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ هاياجانلانماي تۇرالايمەن؟

ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ يەتكەن پوپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ۋە خوجايىنىنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ چوقۇم بىر رەسمىي تىلخەت يازدۇرۇۋېلىشى كېرەكلىكىنى، خاتىرە دەپتەرگە يازغان نەرسىنىڭ كارغا يارىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

يەنە تېخى هېلىقى مۇھەببەت شېئىرلىرىمۇ بار ئەمەسمىدى؟ سانچو پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بىرەر مىسراسىنىمۇ ئەسكە ئالالمىدى.

هېلىقى ئىككىيلەن سانچونى سارايدا تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە تاماق ئۈستىدە دونكىخوتنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىڭ ئامال ـ چارىلىرىنى مەسلىھەتلەشتى. چۈنكى ئۇلار سانچونىڭ ئاغزىدىن دونكىخوت بىلەن سانچونىڭ تولىمۇ غەلىتە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغان، بولۇپمۇ دونكىخوتنىڭ پادىشاهنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۇنىڭ

دېدىكىنى سانچوغا تويلاپ قويۇش ھەققىدە ئېيتقان گ
لىرى ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەنىدى، ئۇلار دونكىخو
نىڭ ساراڭلىقتا بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنىنى ئويلاپ
باقمىغانىدى.

ئۇلار دونكىخوتنى تاغدىن چۈشۈشكە كۆندۈرۈشـنـ
ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى پەملەشتى ـ دە، ئەقىل ئىشل
تىپ، پوپنى ئايالچە ياساندۇرۇپ، ساتىراشخانا خوجايىنى
مالايچە كىيىندۈرىدىغان، ئۇ ئىككىسى دونكىخوتنىڭ ئا
دىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغان، شۇ ئارقىل
دونكىخوتنى تاغدىن چۈشۈرىدىغان بولۇپ مەسلىھەتلەشت
ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق دونكىخوتنى يۇرتىغا ئوڭۇ
لۇق قايتۇرۇپ ئاپىرالايتتى ۋە ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاش
شارائىت يارىتالايتتى.

ھەممە ئىش پىلان بويىچە بولدى، سارايـىـنىڭ ئـايـ
خوجايىنىنىڭ ياردىمى بىلەن پوپ چىرايلىق بىر خانقىز
ئايلاندى. بىراق ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەس
ئالدى، بۇنداق قىلىش خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلغانل
بولاتتى، شۇڭا پىلانغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگـۈزۈشـ
توغرا كەلدى. بىردەمدىلا خوجايىن چىرايلىق بىر خانقىز
ئايلاندى.

بۇ ئىشلارنى كۆرگەن سانچو ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ق
قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ساراڭ خوجايىنىمۇ بۇند

ـمەنە ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدى.

ئەتىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سانچو ياسىغان يول
لگىسى پەيدا بولدى، ئۇلار دونكىخوتنى يۇرتقا قايتىشقا
ۆندۈرۈشنىڭ ئامالىنى مەسلىھەتلەشتى.

سانچو بۇيرۇققا بىنائەن مەلىكە ھەققىدە مەلۇمات خە-
ر ئېلىپ كەلگەن بولۇۋېلىپ، دونكىخوتنى چاپسان يۇرتقا
يتىشقا دەۋەت قىلىدىغان بولدى.

پوپ بىلەن ساتىراشخانا خوجايىنى دەم ئالغاچ سانچونى
ۇتۇپ ئولتۇرۇشتى.

تۇيۇقسىزلا مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى، ناخشا تو-
ـمۇ ئېچىنىشلىق ئېيتىلغان بولۇپ، دەردلىك يۈرەكنىڭ
لىسىگە ئوخشايتتى. ئىككىيلەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغان
ەپكە قاراپ ماڭدى ۋە جۇل - جۇل كىيىملىك بىر يە-
ـتنىڭ دەريا بويىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ نالە قىلىپ يىغ-
ۋاتقانلىقىنى كۆردى. پوپ بۇ كىشىنىڭ سانچو ئېيتقان
ىلىقى ساراڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتى.

بىر مۇنچە تەسەللى ئېيتىشلاردىن كېيىن، ھېلىقى
ـگىت ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ
ـىمى كاردىنو بولۇپ، گۈزەل قىز روسىندا بىلەن ئا-
ـق - مەشۇقلاردىن ئىكەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ توي - نىكاھ
ـشىمۇ بېكىتىلىپ بوپتىكەن. ئويلىمىغان يەردىن كاردى-
ونىڭ دوستى فېرناندو بىردىنلا رەزىل ۋاستىلەر بىلەن

كاردىنونى ئالداپ، روسىنداننىڭ دادىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، روسىندا بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. كاردىنو بۇ ئىبغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ قاراڭغۇ تاغنى ماكان تۇتۇپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ مەجنۇنغا ئايلىنىپتۇ.

## رىتسارنى ئۇستىلىق بىلەن ئالداپ تاغدىن چۈشۈرۈش

كاردىنو سۆزىنى ئەمدىلا تۈگىتىپ تۇرۇشىغا، ئۇشتۇمتۇتلا يەنە نالە ـ پەرياد ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاھ خۇدا! مەندەك بىر شور پېشانىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ئادەم چىقمىدىغۇ؟ مەن سېنىڭ يول كۆرسىتىشىڭگە ۋە ياردىمىڭگە موھتاج...

ئۇچەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، 20 قەدەمچە نېرىدا پۇتلىرىنى ئېرىق سۈيىدە يۇغاچ ئولتۇرۇپ نالە ـ پەرياد قىلىۋاتقان كىيىشكەن بىر يىگىتنى بايقاشتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىنچىكە ۋە سىلىق بولۇپ، تەقى ـ تۇرق جەھەتتە دېھقان يىگىتلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.

ئۇچەيلەن ئەجەبلەنگەن ھالدا چوڭ بىر دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. ئۇ يىگىت پۇتلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، باش كىيىمىنى

ئېلىشىۋېتىشۈىدى، ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ چاچلىرى دولقۇنسىمان ھالەتتە يېيىلىپ چۈشتى. ئۇچەيلەن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ تەڭلا «ئاھ ـ ۋاھ» دېيىشتى.

ساھىبجامال قىز بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە بەدەر قاچتى. ئەمما نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا تاشقا پۇت-لىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

پوپ دەررۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن قانداق ياردەم كېرەكلىكىنى سورىدى.

قىزچاقمۇ بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئىللىق چىراي، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەرەن-چە ياسىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەسلىدە بۇ قىزچاقنىڭ ئىسمى دوروتېيە بولۇپ، ئۇ-نىڭ ئاتىسى كىچىكىدىلا ئۇنى ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىن بولغان فېرناندو بىلەن چاي ئىچكۈزۈپ قويغانىكەن. فېر-ناندومۇ ئۇنىڭغا شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇ-نىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا قەسەم بەرگەنىكەن، بىراق دوروتېيىگە «سېنى چوقۇم ئەمرىمگە ئالىمەن» دەپ قەسەم قىلغان فېرناندو ئۆيلىنىدىغان يەردىن ھەش ـ پەش دېگۈچىلا باشقا بىر ساھىبجامال بىلەن توي قىلىۋاپتۇ.

فېرناندو دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپلا كاردىنونىڭ كۆز-لىرىدە غەزەپ ئوتلىرى يېنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن بۇ

ساھىبجامال قىزچاقنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ مۇشۇ خىلۋەت تاغدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشىگە سەۋەب بولغۇچىنىڭ ئەنە شۇ فېرناندو ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قېلىشى فېرناندونىڭ كاساپىتىدىن ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئەڭ قەبىھ جىنايەتچى دېيىش كېرەك ئىدى.

پوپ ئۇلارغا ياردەم بېرىپ يۇرت ـ ماكانلىرىغا قايتۇرۇشنى نىيەت قىلدى. پوپ يەنە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتتى. دەل شۇ پەيتتە سانچو قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، تاتىرىپ كەتكەنىدى:

— ھەرقانچە قىلىپمۇ خوجايىنىنى بۇ تاغدىن كېتىشكە كۆندۈرەلمىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، يۈزلىرى ياداپ مۇردىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ، پەرىزىمچە ئۇ ئىككى كۈنمۇ ياشىيالمىغۇدەك، — دېدى سانچو.

دونكىخوتنىڭ تاغدىن چۈشمەسلىكى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى، ئۇ، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان زور ئىشتىن بىرەرنى قىلماي تۇرۇپ مەلىكىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن، دەپ ئويلايتتى.

كۆپچىلىك دەررۇلا باش قوشۇپ، ئاخىر دوروتېيىنى بېشىغا كۈن چۈشكەن قىز قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دونكىخوتنى ئالداپ تاغدىن چۈشۈرمەكچى بولدى.

دوروتېيە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ياسىنىپ چىرايلىق ۋە ئېسىلزادە بىر خېنىمغا ئايلاندى. بۇ قالتىس لەۋمن سا- ھىبجامالنى كۆرگەن سانچونىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— بۇ مەلىكە مىكومى كىنەزلىكىنىڭ كەلگۈسى تەخت ۋارىسى بولىدۇ، ئۇنى بىر گىگانت مەخلۇق بوزەك قىپتۇ، شۇڭا ئۇ دونكىخوت دېگەن بۇ جاھانغا مەشھۇر رىتـ- ساردىن ئۆزىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىـ- لىپ ئالايىتەن بۇ يەرگە كەپتۇ، — دېدى پوپ ئالدىرىغان ھالدا سانچوغا چۈشەندۈرۈپ.

— شۈكرى! خوجايىنغا ياخشى پۇرسەت كەپتۇ. پوپ جانابلىرى خوجايىن ھېلىقى مەخلۇقنى يوقاتقاندىن كې- يىن، بۇ مەلىكىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ توينى قىلىپ قويغايسىز، بىراق مەن سىزنى قانداق ئاتـ- سام مۇۋاپىق بولار خېنىم؟

— مىكومى مەلىكە.

تەخمىنەن سەككىز چاقىرىمچە يول يۈرگەندىن كې- يىن، ئۇلار دونكىخوتنىڭ قورام تاشلار ئارىسىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.

بايامقى پىلان بويىچە دوروتېيە ئېشەككە مىنگىنىچە دونكىخوتنىڭ يېنىغا باردى ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئېشەك- تىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى:

— ھەي باتۇر رىتسار، مەن شۇنچە يىراق جايدىن ئۆز-

لىرىنى پانا تارتىپ كەلدىم، ماڭا ياردەم قىلىدۇ دېگەن ئۈمىدىمەن، مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل كۆرگەيلا.

دونكىخوت مەلىكىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىنى ئېيتتى.

— ياق، سىلى مېنىڭ تەلىپىمگە كۆنمىسىلە، مەن ھەرگىز ئورنۇمدىن تۇرمايمەن.

— ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دېگەيسىز، ئۇ سىزدىن بىر گىگانت مەخلۇقنى يوقىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ كەپتۇ، غۇ تايىنلىق، — دېدى سانچو دونكىخوتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ.

—ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن تەلىپىڭىزگە ماقۇل بو-لاي، — دېدى دونكىخوت مەلىكىگە قاراپ.

قىزچاق ھاياجاندىن دونكىخوتنىڭ قوللىرىنى سۆي-مەكچى بولۇۋىدى، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى ۋە چاپسان يولغا چىقىشقا ئالدىراتتى.

مالايچە ياسىنىۋالغان ساتىراشخانا خوجايىنى بىلەن سانچو دەرھاللا قېچىر ۋە ئېشەكلەرنى تەييارلاشتى، تۆتەي-لەن بىر بولۇپ سەپەرگە ئاتلاندى.

چاتقاللىقتا مۆكۈۋېلىشقان پوپ بىلەن كاردىنومۇ دونكىخوت بىلەن ئەپچىل ۋە تەبىئىيلا ئۇچرىشىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ تېپىشتى. پوپ كاردىنوغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ ئۇستۇۋېشىنى بىر قۇر تۈزەشتۈردى، ساقىلىنى ئې-لىۋېتىپ، كىيىملىرىنى ئوڭشىدى. ئۇلار تېزلىك بىلەن

دونكىخوتلار ئۆتىدىغان جايغا كېلىپ ساقلاپ تۇرۇشتى. دونكىخوت يېتىپ كېلىشى بىلەنلا پوپ ئەجەبلەنگەن قىيايپەتتە سۆزلىدى:

— سىز ھېلىقى مەشھۇر رىتسار دونكىخوت ئەمەسمۇ؟ دىدار غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت!

— ئەسلىدە پوپكەنلا ئەمەسمۇ! ئۇبدان تۇرۇۋاتاملا؟— دونكىخوت شۇنداق دېگىنىچە ئاتتىن چۈشۈشكە تەمشەلدى.

— ياق رىتسار، سىزنىڭ نام ـ ئاتىقىڭىز ئات ئۈستىدە چىققان، سىزگە ئەگىشىپ مېڭىش ماڭا ئەڭ زور شەرەپ.

ساتىراشخانا خوجايىنى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزىنىڭ ئېتىنى پوپقا بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن يالغان ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتتى، بۇ ئىش دونكىخوتنى ھەيرەتتە قالدۇردى:

— ھەقىقەتەن كارامەت ئىش بولدىغۇ بۇ، ساقال دېگەننى يىلتىز ـ پىلتىزلىرى بىلەن قوشۇپ قىرغاننى كۆردۈمغۇ بۇگۈن!

ئۆز ھىيلىسىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن پوپ ئالمان ـ تالمان ساقالنى ئالدى ـ دە، دۈرۈت ئوقۇپ سۈپكۈچلىگەچ، ساقىلىنى خوجايىننىڭ ئېڭىكىگە چاپلاپ قويدى. بۇ ھال دونكىخوتنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

يول ئۈستىدە دونكىخوت پوپنىڭ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى سورىدى. پوپ سانچودىن ئاڭلىۋالغان مەھبۇس- لارنى قويۇپ بېرىش ئىشىغا بىرلەشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۆت قاراقچى تەرىپىدىن بۇلانغانلىقى ھەققىدىكى بىر ھې- كايىنى توقۇپ چىقىپ سۆزلەپ بەردى.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىزنى بۇلاپ قۇرۇغداپ قوي- غان ھېلىقى قاراقچىلار ئەسلىدە قاچقۇن مەھبۇسلار ئى- كەن، ئۇلارنى ئۆزىنى رىتسار دەپ ئاتىۋالغان بىر ئەر كىشى قويۇپ بەرگەنىكەن. ئۇ كىشى ساراڭنىڭ ئۆزىلا ئىكەن، بۇ دېگەن يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بىراق، مېنىڭچە، ئۇ ئادەممۇ ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىپ شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك، شۇڭا خۇدا ئۇنى كەچۈرىدۇ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ئۇ.

دونكىخوت نومۇستىن ئۆلەي دېدى، ئەمما لام - جىم دېمىدى.

## زېرەك دوروتېيە

— ئۇ مەھبۇسلارنى خوجايىن قويۇۋەتكەن! — دېدى سانچو خوجايىنىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دونكىخوت يەرگە كىرىپ كېتەيلا

دەپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەن ئالغۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بويۇنتۇرۇق ۋە زەنجىر ـ كىشەنلەرنىڭ ئاسارىتىدە ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلارنى كۆرگەندە قەت-ئىي چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز ھەرىكىتى-نىڭ ھەققانىي ھەرىكەت، ئۆز ئىشىنىڭ خەيرلىك ـ ساۋاب-لىق ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

— ئەگەر سەن بۇ تەرىپىنى چۈشەنمىگەن بولساڭ، بۇ سېنىڭ رىتسار روھىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىگىنىڭ، — ئۇنىڭ سۆزلىگەنسېرى سەپرايى ئۆرلەپ كەتتى.

بۇ ھالنى كۆرگەن دوروتېيە دەررۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، دونكىخوتنىڭ ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۆتۈندى.

— سۆيۈملۈك مەلىكە! سىزگە زادى نېمە ئىش بول-غىنىنى ماڭا تېخى نامەلۇمغۇ؟

مەلىكە شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بالدۇرلا توقۇپ تەييارلاپ قويغان ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ئاتام بىر سەلتەنەتلىك پادىشاھ ئىدى، ئۇ كامىل مۇنەججىملەردىن بولۇپ، ئانامنىڭ ئۆزىدىن بالدۇر ئالەمدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭمۇ ئا-لەمدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئېگە ـ چاقىسىز يې-تىمغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىمنى، كىشىلەر تەرىپىدىن

گىگانت مەخلۇق دەپ ئاتالغان قوشنا ئەلدىكى ھېلىقى يا-
ۋۇز دىۋنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ
بىزنىڭ ئېلىمىزنى يۇتۇۋېلىش قارانىيىتىنى ئىشقا
ئاشۇرۇدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان. شۇڭا مېنىڭ دونشكوخ
دېگەن رىتسارنى ئىزدىشىم كېرەكلىكىنى....

— ياق، دونكىخوت! — دەپ تۇزىتىش بەردى سانچو
ئالدىراپ - تېنەپ.

— دۇرۇس، دونكىخوت، دادام ماڭا شۇ كىشى گىگانت
مەخلۇقنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، دېگەن، ئۇ يەنە ناۋادا رىتسارنىڭ
مەيلى بولسا، مېنىڭ ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشۇمنى، پۈتكۈل
پادىشاھلىقنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمنى ئېيتقان.

دونكىخوتنىڭ ھاياجاندىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى:

— مېنىڭ سۆزلىرىم توغرىمىكەن سانچو؟ ئاخىر
ئىسپاتلىنىپ چىقتىمۇ مانا!

— شۇنداق خوجايىن، مەنمۇ ئېنىق ئاڭلىدىم، —
سانچو ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئويۇن ئويناۋاتقان-
لىقىنى ئۇنتۇپلا كەتكەن ئىدى، — ماقۇل دەڭ خوجايىن،
ئۇنىڭ قىسساسىنى ئېلىپ بېرىڭ، شۇنداق بولغاندا سىز
بۇ ساھىبجامال مەلىكىنى ئەمرىڭىزگە ئالالايسىز.

— مەرتىۋىلىك ھەم گۈزەل مەلىكە، مەن سىز ئۈچۈن
ئوت دېڭىزىغا كىرىشكىمۇ، تىك تاغلارغا چىقىشقىمۇ را-
زى، سىز بىلەن بىللە جىمى ئالەمنى كېزىپ چىقىشقىمۇ

تەييار. مەن ئۇچۇن سىز جەزمەن ھېلىقى گىگانت مەخ-لۇقنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن، ئۇ چاغدا سىز بەخىرامان ھالدا ئايال پادىشاھلىقىڭىزنى قىلالايسىز. بىراق مەن سىزنى ئۆز ئەمرىمگە ئالالمايمەن، چۈنكى مەن قەل-بىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن يەنە بىر چىرايلىق مەلىكىنى سۆيىمەن، ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئىلاھە، مېنى كەچۈر-گەيسىز....

— نېمە؟ بۇ قانداق بولغىنى خوجايىن؟ ھەي خوجام، ئەجەبا سىز ئېلىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ سىز پادىشاھ بولالايسىز جۇمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋەدىلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، سىز ماڭا گرافلىق مەرتىۋىسى ۋە خوتۇن ۋەدە قىلغانتىڭىز-غۇ؟...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دونكىخوت تۇيۇقسىز پارتلاپ كەتتى ۋە نەيزىسى بىلەن سانچونى ئۇردى، ئۇ تاياق زەربى-سىدىن يەردە يېتىپلا قالدى. سانچو بېشىنى كۆتۈرۈپ ئال-دى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، تاياق-نىمۇ ئۇنتۇپ:

— خوجام، چاپسان قاراڭ، بىرسى كېلىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

كېلىۋاتقان ئادەم ئېشەكلىك ئىدى، دونكىخوت بىلەن سانچو ئۇنى ئېنىق كۆردى، ئۇ ھېلىقى لۇكچەك بولۇپ، مېنىۋالغىنى سانچونىڭ ئېشىكى ئىدى.

— ھۇ داپ يۈز ئۆرى، خوجام سېنى قۇتقۇزۇپ قويسا، سەن مېنىڭ ئېشىكىمنى ئوغرىلاپ قېچىپسەن، ھۇ پىي-سەندە، بۇزۇق، ئېشىكىمنى دەرھال قايتۇرۇپ بەر!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن لوكچەك قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئالدىدا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىل-دى ـ دە، ئېشەكنى تاشلاپ دەرھال تىكىۋەتتى.

سانچو خۇشاللىقتىن ساراڭ بولايلا دېدى، ئۇ يۈگۈر-گەنچە بېرىپ ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قارىچۇغىنى چىڭ قۇچاق-لىدى.

دونكىخوت بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى:

— سانچو، سەن كېتىپ ئەتىسى مەن سېنىڭ ھېلىقى خاتىرە دەپتەرنى ئالماي كەتكىنىڭنى بايقىدىم، ئۇنداقتا سەن مەلىكىگە قانداق دېدىڭ؟

— ئەپەندىم، مەن ھەممىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالغانىدىم، مەن يوپۇقا يادلاپ بېرىۋىدىم، يوپ ياردەملىشىپ قەغەزگە پۈتۈپ بەردى.

— ئۇنداقتا، سەن ئۇنى كۆرگەندە مېنىڭ ئۇ سۆيۈملۈك مەلىكەم نېمە ئىش قىلىۋېتىپتىكەن؟ ئۇ مارجانلارنى يىپقا تىزىۋاتقان ياكى كەشتە تىكىۋاتقان بولغىيتى ھەقاچان؟!

— ياق، ئۇ بۇغداي خامىنىدا بۇغداي تاسقاۋاتقانىكەن. ئۇ

مېنىڭ خەتنى بۇغداي تاغىرى ئۈستىگە قويۇپ قويۇشۇمنى، بۇغداي تاسقاپ بولۇپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەجەبا ئۇ مېنى سورىمىدىمۇ؟

— سورىدى، مەن ئۇنىڭغا سىزنى قاراڭغۇ تاغدا ئىسسىقامەتتە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، ياۋايى ئادەملەردەك تۇرمۇش كەچۈرىۋاتىدۇ دېدىم.

— ناھايىتى ياخشى، سەن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى پۇراقنى — مەن ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ھېلىقى زەپەر پۇرىقىنى پۇرىغانسەن ھەقاچان!

— يوقسۇ ئەپەندىم، مېنىڭ پۇرىغىنىم ئەرلەرنىڭ بەدىنىدىن چىقىدىغان تەرنىڭ پۇرىقىدەك بىر خىل سېسىق پۇراق.

— ئەمىسە، كېيىن ئۇ خەتنى كۆرگەندە تازا ھاياجانلانغاندۇ؟!

— قارىغاندا ئۇ خەت تونۇمايدىغاندەك قىلىدۇ، خەتنى يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى. ئۇ «ئۇ ئەمدى ساراڭلىق قىلىپ يۈرمەي، چاپسان قايتىپ كەلسۇن» دېگەن گەپنىلا قىلدى.

— ئۇ ساڭا زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش بىرەرنەرسىنى ئەستىلىك قىلىپ بەرمىدىمۇ؟

— ياقەي، ئۇ ماڭا پەقەت ئازراق بولكا ۋە پىشلاق بەردى.

— بۇ پەقەت مەلىكىنىڭ سەن بىلەن تۇيۇقسىزلا يۈز

كۆرۈشكەنلىكىدىن بولغان. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇ سېخىيلىق بىلەن ساڭا ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى سوۋغا قىلغان بولاتتى. بولدىلا، بىز ئاۋۋال بېرىپ ھېلىقى گىگانت مەخلۇقنى ئۆلتۈرەيلى، ئاندىن سۆيۈملۈك مەلىكەمنىڭ يېنىغا ئىلدام قايتايلى. مەن مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم پەخىرلەنگۈدەك ئىش قىلىشىم كېرەك!

— ئويلىغىنىڭىزغۇ توغرا خوجام، بىراق سىز يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ دەڭسەپ كۆرۈڭ، پەقەت سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغان مۇنۇ مەلىكىلا سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە ھەقىقىي لايىق خوتۇندۇر. سىز ھەرگىز گالۋاڭلىق قىلماڭ!

— سانچو، گىگانت مەخلۇقنى يوقاتقاندىن كېيىن، مەلىكە جەزمەن ماڭا يەر - زېمىن تارتۇق قىلىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ساڭا بىر ئۇلۇش يەر - زېمىن بۆلۈپ بېرىمەن، سەن بېيىپ كېتىسەن.

— مەن بۇنىڭ نەپ تېگىدىغان ئوبدان ئىش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن خوجايىن.

ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىشتى، كۆپچىلىك ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ، سۇ ئىچىشتى، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى چىقىرىپ قورساق توقلاپ، ھاردۇقىنى تازا بىر چىقارماقچى بولۇشتى.

شۇ ئەسنادا بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، دونكىخوتنىڭ ئالدىغا

كېلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى:

— ئەپەندىم، مەن ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن ھېلىقى سىز قۇتقۇزۇۋالغان ئاندىرېس بولىمەن!

— سۆيۈملۈك قوزام، ھېلىقى رەھىمسىز دېھقان ساڭا پۇل بەردىمۇ؟ — دېدى دونكىخوت بالىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ياق، سىز كەتكەندىن كېيىن پۇلۇمنى بېرىش ئۇ-ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مېنى تېخىمۇ قاتتىق دۇمبالىدى.

— شۇنداقمۇ تېخى! يۈرە، بىز ھازىرلا بېرىپ ئۇ دېھ-قاننى تاپايلى، مەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ سېنىڭ ئىش ھەققىڭنى ئېلىپ بېرىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ دوروتېيە دونكىخوتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ رىتسار ئەپەندى، — دېدى.

— يوقسۇ، ئىش ھەققىنى ئېلىپ بېرىشمۇ مېنىڭ بۇرچۇم.

— بىراق ھازىر مەن ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دەپ قالدىم ئەپەندىم، ماڭا يەيدىغان نەرسە بولسىلا بولاتتى.

سانچو بالىغا نۇرغۇن بولكا ۋە پىشلاق بەردى. بالا ئۇنى ئالدى ـ دە، پەرتلا قىلىپ قاچتى.

— رىتسار ئەپەندىم، ئەمدى باشقىلارنىڭ مېنى دۇمبا-لىغىنىنى كۆرۈپ قالسىڭىز ھەرگىز كارىڭىز بولمىسۇن، ماڭا سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى قوبۇل قىلىشتىن ئارتۇق پا-

لاكەتچىلىك يوق، ھۆ قارغىش تەگكۈر قېرى! — دېدى بالا قېچىپ كېتىۋېتىپ.

دونكىخوت ئۆزىنىڭ يەنە ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، نو-مۇستىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

## سارايدىكى سەرگۈزەشتە

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار سانچو قورقىدىغان ھېلىقى سارايغا يېتىپ كېلىشتى. سانچو سارايغا كىرىشتىن قور-قۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما كىرمەي ئامالى يوق ئىدى.

ساراي خوجايىنى، ئۇنىڭ خوتۇنى، قىزى ۋە دېدەكى قاتارلىقلار خۇشال ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن دونكىخوت ھاردۇق دەستىدىن كارىۋاتقا چىقىپلا خورەك تارتقىنىچە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

قالغان بىرنەچچەيلەن راسا ئوبدان بىر ۋاخ تاماق يې-يىشتى، ئاندىن كېكىرىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. شۇ ئەسنادا سانچو ئالاقزادە بولغان ھالدا بال-خانىدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى:

— چاتاق بولدى، چاتاق بولدى، خوجام ھېلىقى گى-گانت مەخلۇق بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى.

— جۆيلۈمە سانچو، گىگانت مەخلۇق دېگەن مىڭ چا-

قىرىم نىرىدا تۇرسا، ساڭا جىن چاپلاشتىمۇ ـ نىمە؟ —
دېدى پوپ.

ئۇستىدىن گۇلدۇر ـ تاراق قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازلارغا يەنە دونكىخوتنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى قوشۇلدى:

— ھۇ قاراقچى، نەيزەمگە قارا، ئەمدى نەگە قاچىسەن-كىن؟!

گۇلدۇر ـ تاراق ئاۋازلار ئۈزۈلمەيلا كەتتى.

— مەن جۆيلۈپتىمەنما؟ چاپسان چىقىپ قاراپ بې-قىڭلارچۇ! مەن ھېلىقى گىگانت مەخلۇقنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام، ھەممىلا يەر قانغا بويىلىپ كەتكەن تۇرسا.

— ئەستاغپۇرۇللا، ھېلىقى ساراڭ چوقۇم مېنىڭ ھا-راق كۆپۈمنى چېقىپ تاشلىغان نىمە، ۋاي پەرۋەردىگارىم!
— سارايۋەن شۇنداق دېگىنىچە ئۇستىگە يۈگۈردى.

باشقىلارمۇ بىراقلا ئۇستىگە ئېتىلىپ چىقىشتى.

دونكىخوت ئىچ كىيىم بىلەنلا بولۇپ، سول قولىغا بىر ئەدىيالنى ئورىۋالغانىدى، ئوڭ قولىدىكى شەمشەرنى تە-رەپ ـ تەرەپكە ئۇراتتى. ئەسلىدە دونكىخوت چۈش كۆرۈپ جۆيلۈۋاتقان بولۇپ، چۈشىدە ھاراق كۆپىنى گىگانت مەخ-لۇقنىڭ بېشى دەپ بىلىپ، ئۇنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى، ھەممىلا يەر چېقىلغان كۆپنىڭ پارچىسى ۋە تۆكۈلۈپ

كەتكەن قىزىل هاراق بىلەن بۆلغانغانىدى.

پوپ يۆگۈرۈپ بېرىپ دونكىخوتنىڭ قولىنى تۇتۇۋال-ـدى، دونكىخوت ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىنى مىكومى مە-ـلىكە دەپ ئويلاپ قېلىپ دەررۇ تىزلاندى:

— هۆرمەتلىك مەلىكە، مەن سىزنىڭ دۈشمىنىڭىزنى يوقاتتىم، ئەمدى مەن سىز بىلەن خوشلىشاي.

بۇ چاغدا سانچومۇ ئېلىشىپ قالغانىدى، ئۇ هە دەپ گىگانت مەخلۇقنىڭ چېچىلىپ ياتقان باش پارچىلىرىنى ساناۋاتاتتى:

— بۇ دورەم مەن ئەمدى راستىنلا گرافلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلىدىغان بولدۇم، — دەيتتى ئۇ توختىماستىن.

بۇ ئىككىيلەننىڭ ساراڭلىقى هەممەيلەننىڭ كۈلكە-ـسىنى قىستايتتى. سارايۋەننىڭ بىردىنلا كاللىسى سە-ـگەكلەشتى:

«دونكىخوت دېگەن ساراڭ ماڭا سالغان بۇ زىياننى چوقۇم تۆلىشى كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. پوپ ئۇلارغا بىرمۇنچە تەسەللىلەرنى بېرىپ، پۈتۈن زىياننى تۆلەپ بې-ـرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئەنە شۇنداق دەتالاش قىلىپ تۇرۇشقاندا، سارايغا يەنە بىرنەچچە مېهمان كەلدى. ئۇلار تۆت ئەر، بىر ئايال بولۇپ، هەممىسىلا يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغانىدى، تۆت ئەر ئۇزۇن نەيزە ۋە قالقان بىلەن قوراللانغان، ئايال بولسا ئۇزۇن ئاق

ئۇستىۋاش كىيىۋالغانىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى چا-كارمۇ بار ئىدى.

ئۇلار سارايدا ئولتۇرۇشتى، سارايۋەننىڭ تىنچلىق سوراشلىرىغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلىشمىدى، پەقەت ھې-لىقى ئاياللا بوشقىنا ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

دوروتېيە ئاياللارغا خاس كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى:

— مېنىڭ ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا.

كاردىنو بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى:

— مۇشۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قېلىش بولىدىكەنە؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاق كىيىملىك قىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بىراق شۇ ھامانلا بىر ئەر كىشى ئۇنى تارتقۇشلاپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى، شۇ چاغدا ئۇ ئايالنىڭ يۈزىدىكى نىقابى چۈشۈپ كېتىپ، تولىمۇ گۈزەل، ئەمما تاتىراڭغۇ بىر چىرە كۆرۈندى، بۇ ئىشتىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ئەر-نىڭ يۈزىدىكى نىقابىمۇ سىيرىلىپ چۈشتى.

بۇنى كۆرگەن دوروتېيە بىرنى ۋارقىراپلا ئايلىنىپ كەتتى. كاردىنو، روسىندا ۋە فېرناندودىن ئىبارەت بۇ ئۇ-چەيلەن بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قې-لىشتى.

ئەسلىدە توي مۇراسىمىدىن كېيىن روسىندا قېچىپ چىقىپ بىر موناستىرغا بېرىپ موناخ بولۇۋالغان. فېرناندو بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۈچ ئاغىنىسىنى باشلاپ بېرىپ موناستىرغا خۇپىيانە كىرىپ، روسىندانى بۇلاپ ئاچىققان. قايتىش يولىدا كۈتۈلمىگەندە كاردىنو ۋە دوروتېيە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. تەقدىر ـ پېشانىگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا كېرەك. پوپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئىككى ياشقا بىرمۇنچە ياخشى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى ماختىدى ۋە خۇدانىڭ ئىرادىسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلىشقا ئۈندىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى جۈپ ياشنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرى ھاسىل بولۇشتى. بىر مەزگىللىك ھايات ـ ماماتلىق جۇدالىقتىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە تېگىشلىك مۇھەببەتنى تېپىۋېلىشتى.

سانچو خام خىياللار دۇنياسىدىن ئۆزىگە كەلدى، ئەسلىدە مىكومى مەلىكە پەقەتلا بىر كۆلەڭگە ئىدى، ئەمدى ھەممە نەرسە ئەسلىگە — رېئاللىققا قايتتى. گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار كۆپۈككە ئايلاندى.

بۇ چاغدا پوپ فېرناندولارغا دونكىخوتنىڭ ساراڭلىقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، كۆپچىلىك ئاڭلاپ بىردە كۈلسە، بىردە ئەجەبلىنەتتى. ئۇلار يەنە دونكىخوتنى يۇرتىغا ساق ـ سالامەت ئاپىرىۋېلىش ئۈچۈن بۇ ئويۇننى



داۋاملىق ئويناشنى، دوروتېيەنىڭ مىكومى مەلىكە بولۇۋې-رىشىنى قارار قىلىشتى.

ئويلىمىغان يەردىن سانچو ئاللىبۇرۇنلا ئۇستىگە چە-قىپ مىكومى مەلىكىنىڭ ئەسلىدە بىر ئاۋام قىزى ئىكەن-لىكىنى دونكىخوتقا ئېيتىپ قويغانىدى.

— ھۆرمەتلىك مەلىكە، سىزنىڭ بىر ئاددىي خانقىزغا ئايلانغانلىقىڭىز ماڭا ئايان، بۇمۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادە-سى!... — دەپ كەسكىن قىياپەتتە گەپ باشلىدى دونكى-خوت ئۇستىدىن يۇگۇرۇپ چۇشۇپ.

— كىم مېنى ئادەتتىكى خانقىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ دەيدۇ؟ سىز ئۆز ۋەدىڭىزنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتىن باش تارتىش ئۇچۇن، ئۆزىڭىز توقۇپ چىققان پەتىۋادۇ ھەقاچان بۇ؟ — دوروتېيە شۇنداق قىلىپ يەنە داۋاملىق مەلىكىنىڭ رولىنى ئوينىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دونكىخوتنىڭ چىرايىغا شۇ زاماتلا كۇلكە يۇگۇردى:

— مېنى ئالداپسەندە سانچو، خەپ توختاپتۇر، ئەدە-پىڭنى راسا بەرمىسەم!

سانچو قورققىنىدىن كىرىدىغانغا تۆشۈك تاپالمايلا قالدى.

— بولدى بەس! جېدەل قىلىشماڭلار. مەلىكە ئەتە سەھەردىلا يولغا چىقىشقا پەرمان قىلدى. شۇڭا

كۆپچىلىكنىڭ غىزالىنىپ، بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئالغىنى تۈزۈك، — دېدى فېرناندو ئالدىراپ ـ تېنەپ.

ئۇ كۈنى كەچتە فېرناندو سارايۋەنگە ئىنتايىن مول بىر ئۇستەل غىزا ـ قورۇما تەييارلاتقۇزۇپ كۆپچىلىكنى مېھمان قىلدى، كۆپچىلىك چاسا شەكىللىك ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتى. بۇ نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنكى ئەڭ خاسىيەتلىك، ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر قېتىملىق كەچلىك تاماق ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ كۆرۈنەتتى.

بۇ ئاخشىمى ساراي بەك قىزىپ كەتتى، سارايغا كەلگەنلەرمۇ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولدى. سارايغا 40 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئەر بىلەن لېرا سولايدا ئىسىملىك بىر نازىنىن، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن 15 ـ 16 ياشلاردىكى بىر قىزچاق كېلىپ چۈشتى. ئۇلارغا دونكىخوت ۋە ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى، فېرناندو ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى، چاكارلىرى قوشۇلۇپ، بۇ كىچىككىنە سارايىنى تىقما ـ تىقماق قىلىۋەتكەنىدى. كۆپچىلىك جەم بولۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشەتتى، نۇرغۇن تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشلارنى بايقىشاتتى، ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىشىپ قايتا تېپىشاتتى.

يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەمە-مىسى تاڭ يورۇغىچە ئازراق ئۇخلىۋېلىشنى ئويلاشتى. پەقەت دونكىخوتلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ سارايىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، قىزلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى ئىختىيار قىلدى. شۇڭا ئۇ تولۇق قوراللىنىپ، جەڭگىۋار ھالەتتە ساراي سىرتىدا قاراۋۇللۇقتا تۇردى.

ساراي جىمجىتلىقتا چۆكتى. بىراق سارايۋەننىڭ قىزى بىلەن دېدەكى ئۇخلىمىغانىدى، ئۇلار دونكىخوتنىڭ ئۆزى يالغۇز ساراي سىرتىدا قاراۋۇللۇق قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى كولدۇرلىتىپ ئويناپ كۆڭۈل خۇشى قىلماقچى بولۇشقانىدى.

ئۇلار يولغا يېقىن بىر پەنجىرىدىن ئاستاغىنا پەسكە قارىدى ۋە دونكىخوتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى، سۆزىدە بىر مەلىكىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

— دولسىنېيە خېنىم، بۇ تىمتاس تۈن كېچىدە مەن ئاسمانغا قاراپ سىزگە كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىۋاتىمەن، مېنىڭ بۇ يۈرەك سۆزلىرىم سىزنىڭ قۇلىقىڭىزغا يەتكەي ئىلاھىم ....

سارايۋەننىڭ قىزى بىلەن دېدەكى ئېغىزلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، كۈلكىسىنى مىڭ تەستە بېسىۋېلىشتى.

— سىز ئۇچۇن، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە نائىل

بولۇش ئۈچۈن مەن رىتسار بولۇپ جاھان كەزدىم، ئىستىقامەتتە ئولتۇردۇم، خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلدىم ....

سارايۋەنىنىڭ قىزى دونكىخوتنىڭ ئەقلى ـ ھوشىدىن ئازغانلىقىنى، ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئەي بۈيۈك رىتسار، بۇ يەرگە كەلسىڭىز بوپتىكەن!

سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە خام خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن دونكىخوت بۇرۇلۇپ قاراپ بىر قىزنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ قىزنى سۆيۈملۈك مەلىكىسى دەپ ئويلاپ قالدى ـ دە، دەرھال ئاتقا مىنىپ پەنجىرىگە يېقىنلاشتى.

— ھۆرمەتلىك مەلىكە، قايتىپ ئارام ئالغايسىز، مەن بۇ يەردە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئىكەنمەن، سىز بەخىرامان ئۇخلاۋەرسىڭىز بولىدۇ.

— رىتسار، مەلىكىمىزنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزنى كۆرۈپ باققۇسى بار ئىكەن، — دېدى دېدەك.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، ھۆرمەتلىك مەلىكە، مانا بۇ دىۋە ـ ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن قوللار، بۇ قوللار مېنىڭ پەخرىم!

دونكىخوت ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قولىنى يۇقىرىغا سوزدى.

دونكىخوت بىردىنلا قول بېغىشىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ

كەتكەنلىكىنى سەزدى:

— ھەي مەلىكەم! بۇ نېمە ئۆزى؟ بۇ سىزنىڭ يۇمران ـ نازۇك قوللىرىڭىز ئەمەسقۇ ئاخىر؟ قوپاللا بىرنەرسە قو- لۇمنىڭ گۆشلىرىنى غاجىلاۋاتقاندەكلىغۇ؟!!

ئەسلىدە سارايۋەننىڭ قىزى پەنجىرىدىن بىر ئۇچى سىرتماق قىلىنغان بىر ئارغامچىنى تاشلاپ، دونكىخوتنىڭ قول بېغىشىغا سىرتماق سېلىپ، ئارغامچىنىڭ ئۆزى تۇتقان ئۇچىنى ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا چىگىپ قويۇپ، ئۇن ـ تىنسىز كېتىپ قالغانىدى.

دونكىخوتنىڭ تۇرقى ئاجايىپ كۈلكىلىك ئىدى، ئۇ- نىڭ قولى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، پۇتى ئېگەرگە دەسسەكلىك بولۇپ، ناۋادا ئات سەل ـ پەل مىدىرلىسىلا دونكىخوت بوش- لۇققا ئېسىلىپ قالاتتى.

دونكىخوت ئەمدى ئېسىگە كەلگەنىدى:

— سۆيۈملۈك ئېتىم، خوجاڭ ئۇچۇن ھەرگىز مى- دىرلىمىغىن، ھۆرمەتلىك خانقىزلار، مەن سىلەرگە ھەر- قانچە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولسامۇ، سىلەر مەندىن بۇنداق ئۆچ ئالماسلىقىڭلار كېرەك ئىدى!

بىر كېچە تولىمۇ تەستە ئۆتتى. سانچو ئۆلۈكتەكلا ئۇخلاپ كەتكەن بولۇپ، خوجايىنىنىڭ ئاللا ـ تۇۋا سې- لىشلىرىنى ئاڭلىمىدى. پەقەت كۈنچىقىش تەرەپ ئاقارغان چاغدىلا رەتلىك، پۇزۇر كىيىنگەن تۆت ئاتلىق كىشى

يېتىپ كېلىشتى. كۈن تېخى ئەتىگەن بولۇپ، كىشىلەر تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغانمىغانىدى. ئۇ تۆتەيلەن ۋارقىرىد-شىپ ـ جارقىرىشىپ، ئىشىكنى قاتتىق مۇشتلاشتى، بۇ ئاۋازلار جىمجىت تاڭ سەھەردە ئادەتتىن تاشقىرى ياڭراق ئاڭلىناتتى.

روسىنانت يېڭى كەلگەن تۆت ئاتنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان ئىگىسىنى ئۇنتۇدى ـ دە، مىدىرلىدى. دونكىخوتنىڭ پۇتى ئېگەردىن سىيرىلىپ كېتىپ، بوش-لۇقتا ساڭگىلاپ ئېسىلىپ قالدى. ئۇ ئارغامچىدىن قول-لىرىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن تىركىشىپ كۆردى. بىراق ئۇ تىركەشكەنسېرى ئارغامچا شۇنچە چىڭىپ باراتتى ـ دە، دونكىخوت تېخىمۇ بەك ئاللا ـ توۋا سالاتتى.

دەرۋازىنى مۇشتلىغان، ۋارقىراپ ـ جارقىرىغان ئاۋاز-دىن سارايۋەن ۋە باشقا مېھمانلار ئويغىنىپ كېتىشتى.

دېدەكمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، سىرتتا بىر تىرىك ئا-دەمنىڭ ئېسىقلىقلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان پەنجىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئارغامچىنى يېشىۋەتتى.

دونكىخوت گۈپپىدە يەرگە چۈشتى. سارايۋەن بىلەن خېرىدارلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. دونكىخوت كۆپچىلىك-نىڭ سوئال ـ سوراقلىرىغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەي، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا قولىدىكى ئارغامچىنى يېشىۋېتىپ،

نەيزىسىنى ئالدى ـ دە، تاغدىن چۈشۈشكە تەييارلاندى.

شۇ ئەسنادا سارايغا يەنە بىر مېھمان كەلدى، ئۇ ئۆزد-
نىڭ ئىشكىنى يېتىلەپ ئىچىلغا كىردى ـ دە، ئۇ يەرده
ئىشلەۋاتقان سانچو بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كەلگۈچى
گەپ ـ سۆزمۇ قىلماستىن يۈگۈرۈپ بېرىپ سانچونىڭ يا-
قىسىدىن ئالدى:

ـــ ھۇ ئوغرى، مېنىڭ دېسىمنى چاپسان قايتۇرۇپ بەر!

بۇ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن سانچو گاڭگىراپلا قالدى.
ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سىنچىلاپ بىر قاراپ، ئاندىن
ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى: ئەسلىدە ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىل-
غىنى ئۇلار دېسىنى بۇلىۋالغان ھېلىقى ساتىراش ئىدى.

سانچو ئەزەلدىنلا توخۇ يۈرەك بولغاچقا، بىرەر ئىش
يۈز بەرسە قېچىپ قۇتۇلاتتى ياكى يول قويۇپ ئۇزلىشەتتى.
بىراق بۇ قېتىم ئۇ ساتىراشنىڭ ئۇشتۇمتۇت قىلغان ھۇ-
جۇمىدىن گاراڭ بولۇپ قالغاچقا، مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ
ساتىراشقا ئېتىلدى ۋە ئۇنى ئۇرۇپ ئېغىز ـ بۇرنىنى قانغا
بويىۋەتتى. بۇ دورەم ئۇ بوش كەلمەي، ساتىراشنى كانىيىنى
كېرىپ تۇرۇپ تازا تىللاپ، راسا دۇمبالىدى.

دونكىخوت، سارايۋەن ۋە ئەمدىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان
كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ئۇلار دۈشمىنىگە باتۇرلۇق
بىلەن زەربە بېرىۋاتقان كىشىنىڭ سانچو ئىكەنلىكىنى
كۆرۈپ غەيرىيلىك ھېس قىلىشتى.

— قاراڭلارچۇ، كىمگە ئەگەشسە، شۇنىڭ مىجەز ـ خۇيىنى ئالىدىغان گەپكەن. مېنىڭ قول ئاستىمدا يەنە بىر رىتسار تەربىيىلىنىپ چىقىۋېتىپتۇ مانا! — دېدى دونكى-خوت كۆرەڭلىگەن هالدا.

ساتىراش بىرمۇنچە ئادەمنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەررۇ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كىشىلەردىن ئادالەتنى ياقلاشنى تەلەپ قىلدى:

— ئەپەندىلەر، بۇ ئۇچىلىق راستلا مېنىڭكى، ئىشەن-مىسەڭلار سىلەر سىناپ بېقىڭلار، ئۇ مېنىڭ ئېشىكىمگە دەل كېلىدۇ. يەنە هېلىقى داسمۇ مېنىڭ تېخى، ئۇ دېگەن بىر ئالتۇن داس.

دونكىخوت ئالدىغا چىقىپ سانچو بىلەن ساتىراشنى ئاجراتتى ۋە ئۇچىلىقنى يەرگە قويدى:

— كۆپچىلىك، بۇ ئۇچىلىقنى قاچان، قايسى دۈشمەن-دىن غەنىيمەت ئالغىنىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىز رىت-سارلىق يولىنى تۇتقانلار كۆك ئاسماننى يېپىنچا، يەر ـ زېمىننى سېلىنچا، تۆت ئىقلىمنى ئۆي ـ ماكان قىلىپ، مەردۇمەردانە هالەتتە ياشايمىز. دۈشمەننى يەڭگەنىكەنمىز، ئەلۋەتتە جەڭ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشىدىغان گەپ، مېنىڭ مالىيىم جەڭ غەنىيمەتلىرى ئارىسىدىن بىر ئۇچىلىقنى تاللىۋېلىپ ئېشىكىنى توقۇسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بول-سۇن؟ سانچو، سەن بۇ هارامزادە ئالتۇن داس دەپ ئاتىۋالغان

ھېلىقى دۇبۇلغىنى ئەكەل، كۆپچىلىك كۆرۈپ باقسۇن!

سانچو سەللا تېڭىرقاپ قالدىيۇ، ئەمما دەررۇ ئۆيگە كىرىپ داسنى ئېلىپ چىقتى.

دونكىخوت بۇ ئالتۇن داسنى قولىغا ئېلىپ، كۆپچە-لىككە:

— كۆپچىلىك، قاراپ بېقىڭلار، كىممۇ بۇنى دۇبۇلغا ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ ئىنساپ بىلەن گەپ قىلسام، بۇ دۇبۇل-غىنى دەرۋەقە مۇشۇ ھارامزادىنىڭ قولىدىن غەنىيمەت ئال-غان، ئۇنىڭغا مەن قىلچە ئىش قوشمىدىم. بىراق ئۇ بىر رىتسار دۇبۇلغىسىكى، ھەرگىزمۇ داس ئەمەس، — دېدى.

ياندا تۇرغان سانچوغىمۇ ئازراق جان كىرگەندى.

— خوجايىن دۇرۇس ئېيتىدۇ، بۇ دۇبۇلغا خوجامنىڭ جېنىغا ئارا تۇرغان، ئۇ شۇنى كىيىۋېلىپ جەڭ قىلغاچ-قىلا، نۇرغۇن تاشلارنىڭ ئەجەللىك ھۇجۇملىرىدىن ئامان-ئېسەن قالغان! — دەپ گەپ قىستۇردى ئۇ.

— ئاڭلىغانسىلەر؟ ئۇلار ئۇنى بۇلىغىنىنى ئىقرار قىلىشتى، ئوبدانراق قاراپ بېقىڭلار، ئۇ داس بولماي يەنە نېمە بولماقچىدى؟ — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ساتىراش.

ساتىراشخانا خوجايىنى بىر چەتتە تۇرۇپ كۆزىتىۋاتات-تى، بۇ تالاش-تارتىشقا قارىتا ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئاللىقاچان بىر پىكىرگە كېلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دونكى-خوتنىڭ خۇي-پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە، ساتىراش

كەسىپدىشىغا:

— ئەپەندىم، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ساتىراش، ساتىراشلىق قىلغىلى 20 نەچچە يىل بولدى، ساتىراشلىق سايمانلىرىنى مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بەش قولدەك بىلىمەن. شۇڭا گەپىنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇ نەرسە ساتىراشلىقتا ئىشلىتىدىغان داس ئەمەس، بەلكى پۇچۇلۇپ، كەمتۈك بولۇپ قالغان بىر دۇبۇلغىكەن، — دېدى.

دونكىخوت داسقا ئىنچىكىلەپ، سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— كەمتۈك دېيىلسە، پەقەت يۇزلىكىلا كەم، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا قالتىس ئېسىل دۇبۇلغا بولاتتى بۇ، — دېدى دونكىخوت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

كاردىنو، فېرناندو ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى كۆزىنى يۇمۇپلا قۇۋۋەتلەشتى، ھەتتا سارايۋەن بىلەن پوپمۇ دونكىخوتنىڭ سۆزىنى تەستىقلاشتى:

— توغرا، توغرا، كەم تېپىلىدىغان بىر دۇبۇلغىكەن بۇ!

ساتىراش بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ، زورىغا بولۇشۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى:

— بىمەنىلىك، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك! بوپتۇ، داسقۇ دۇبۇلغا بولدى، ئەمىسە بۇ ئۇچىلىقچۇ؟ ئۇمۇ ئاتنىڭ

ئېگىرى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟!!

— زادى ئۇچىلىقمۇ ياكى ئېگەرمۇ، بۇنىڭغا رىتسار-نىڭ بىرنەرسە دېگىنى تۇزۇك، مېنىڭچە، بۇ ئىشقا رىتسار دونكىخوت ھۆكۈم قىلسۇن!

— بۇ ئىشقا كۆپچىلىك بىرنەرسە دېسۇن، مەن كۆپ-چىلىكنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقاي! — دېدى فېرناندو ئە-قىل كۆرسىتىپ.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلاشقىلى تۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىل-غىلى بولاتتى، دونكىخوت چوقۇم يېڭەتتى. ساتىراش يې-ڭىلەتتى.

بۇ تولىمۇ بىمەنە، ئەمما قالتىس يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوينالغان كومېدىيە ئىدى. بۇنداق كولدۇرلىتىش-لاردىن ساتىراشنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى.

— مەن قىپقىزىل ساراڭ بوپتىمەندە، نېمىشقا ھە دېسىلا ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋېرىدۇ؟

خېلى بۇرۇنلا بۇ ئىشنى كۆزىتىپ تۇرغان بىرنەچچە چارلاش ساقچىسى ئاخىر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ كېتىشتى:

— لايىقىدا بولسا بولارمىكىن، خەقنى ئۇنچىۋالا بوزەك ئېتىپ كەتمەڭلار، ئاق دېگەن ئاق، قارا دېگەن قارا، سىلەر داداڭلارنى ئانام دەۋالمايدىغانسىلەر؟ داس دېگەن داس،

سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردىكى دۈبۈلغا مۇشۇنداقمىدى ـ يا؟

— ھۇ ئەبلەخ، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن ـ ھە! — دېدى چارلاش ساقچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غەزىپى كەلگەن دونكىخوت. ئۇ شۇنداق دەپلا نەيزىسىنى پۇلاڭلىتىپ چارلاش ساقچىلىرىنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، قېچىپ تالاغا چىقىپ كېتىشتى.

بىردەمدىلا سارايىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى پاتپاراقچىلىق قاپلىدى. ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك جەڭگى ـ جېدەل قايىنىمىغا كىرىپ كەتكەندى. ساتىراش بىلەن سانچو شۇ پاتپاراقچىلىق ئىچىدىمۇ ھېلىقى ئۇچىلىقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ئۇنى تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتاتتى.

ئاياللار قورقىنىدىن بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋېلىشقان بولۇپ، ئۈن ـ تۈنسىز تۇرۇشاتتى. پوپ كۈچىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، كۆپچىلىكنى جېدەلنى توختىتىشقا ئۈندەيتتى. بىراق قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن دونكىخوت تولىمۇ مەمنۇن ئىدى، ئۇ بۇنى رەسمىي بىر مەيدان جەڭ دەپ قاراپ، سەركەردىلىك سالاھىيىتى بىلەن فېرناندو ۋە كاردىنوغا باشچىلىق قىلىپ چارلاش ساقچىلىرىغا قارشى جەڭگە كىرىشىپ كەتتى.

جەڭ ئاخىر سوتچى ۋە پوپنىڭ دالالىتى بىلەن پەس-ىكويغا چۈشتى.

## مەھبۇس بولۇپ قالغىلى تاس قېلىش

جەڭ ئاياغلاشتى، ئەمما ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. دونكىخوت ئۇرۇپ ساق يېرىنى قويمىغان بىر چارلاش ساقچىسى بىردىنلا دونكىخوتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇ ھېلىقى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان جىنايەتچىدەك قىلىدۇ، چاپسان تۇتۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

باشقا چارلاش ساقچىلىرىمۇ دەررۇ يانچۇقلىرىدىن تۇتۇش بۇيرۇقىنى چىقىرىپ، سىنچىلاپ قاراشتى، رەسىمدىكىسى دەل دونكىخوتنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئەمدىلا ئاياغلاشقان ئۇرۇش يەنە باشلاندى، چارلاش ساقچىلىرى تەڭلا ئېتىلىپ چىقىپ دونكىخوتنى تۇتۇۋېلىشتى، فېرناندو دونكىخوتنىڭ قېچىشىغا ياردەملەشتى، سانچو خوجايىنىغا ياردەملەشكەچ توختىماي سۆزلەيتتى:

— جاھاندا تىنچ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. ئۇرۇش دېگەن قىلغانسېرى ئاۋۇپ كېتىدىغان نېمە.

ھېلىلا قۇتۇلۇپ چىققان دونكىخوت رىتسارلارچە سالاپەتنى ۋە رىتسارلىق روھىنى يەنە تەرغىب قىلىشقا باشلىدى:

— سەندەك پېسەندىلەر رىتسارلارنى ھەرگىزمۇ چۈ-شەنمەيسىلەر، سەنلەر رىتسار روھىغا داغ چۈشۈرۈشنى خام خىيال قىلىشماي، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن ياۋاشلىق بىلەن كېتىش، ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن سەنلەرگە يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايمەن!

پوپ دونكىخوت سۆزلەۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھېلىقى چارلاش ساقچىلىرىغا سالا قىلىشقا باشلىدى:

— كۆردۈڭلارغۇ، بۇ ئادەمنىڭ نېرۋىسى چاتاق، سىلەر ئۇنى ھەرگىز سەل چاغلاپ قالماڭلار، بۇنداق ساراڭلار مەھكىمىگە قامالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا قويۇپ بېرىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، سىلەر نېمىدەپ ئۆزۈڭلارغا ئاۋارىچىلىك تاپىسىلەر؟

پوپ يەنە دونكىخوتنىڭ ساراڭلىقلىرىنى ئۇلارغا بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردى، ئاخىر ئۇلارمۇ دونكىخوتنى نېرۋا كې-سەلكەن دېگەن يەرگە كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ دېلو ئۈستىدە ھۆكۈمەت ۋەكىلىلىك سالاھىيىتى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشتى؛ ئۇچىلىق ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ساراڭلارچە جۆيلۈش، شۇنىڭ ئۈچۈن سانچو بىلەن ساتىراش ئۆزئارا ئۇچىلىق ـ توقۇم ئالماشتۇرۇشىدىغان، داسنىڭ تۆلىمى ھېسابىدا پوپ ساتىراشقا پۇل بېرىدىغان بولدى.

سارايۋەن بىر ھەپتە تۇرۇپ:

— دونكىخوت چاتاق تېرىپ مېنىڭ سارىيىمغىمۇ بىر

مۇنچە ئېغىر زىيانلارنى سالدى، بۇ زىياننىمۇ تۆلىشى كېرەك، — دەپ غۇدۇراشقا باشلىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان فېرناندو سېخىيلىق بىلەن ھەمىينىنى چىقىرىپ دونكىخوتقا ۋاكالىتەن زىياننى تۆلىۋەتتى.

ئىشلار ئاخىر ئاياغلاشتى، سارايمۇ تىنچىپ قالدى.

تىنچلىنىپ، پەسكويغا چۈشۈپ قالغان دونكىخوت تۇرۇپلا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى. ئۇ بۇ يەردە ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ يۈرمەي، بالدۇرراق يولغا چىقىشى لازىملىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، دوروتېيەنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، جىددىي تەرزدە:

— گۈزەل مەلىكە، ۋاقىت قىس، سىزنىڭ بالدۇرراق پادىشاھ بولۇشىڭىز ئۈچۈن بىز بالدۇرراق ئاتلىنىپ، گىگانت مەخلۇقنى يوقىتايلى، دۈشمەنگە تەييارلىق پۇرسىتى بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قانچە تېز يولغا چىقساق شۇنچە ياخشى، — دېدى.

— ئەي باتۇر رىتسارىم، دېگىنىڭىز توغرا، سىزنىڭ قارارىڭىز سەپەرگە ئاتلىنىش سىگنالى دېمەكتۇر، بىز سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايمىز، — دېدى دوروتېيە مەلىكىلەرچە تەلەپپۇزدا.

— ئۇنداقتا ياخشى، سانچو، بىز دەرھال ئاتلارنى تەييارلاپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىنايلى.

سانچو بۇ قېتىم قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

— خوجايىن، كىم سىزنى مېنىڭ خوجايىنىم بول-سۇن دېگەن؟ مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، بىراق سىز ناۋادا ئاڭلاشنى خالىمىسىڭىز، ئۇنداقتا مەنمۇ سۆز-لىمەيلا قوياي، — دېدى ئۇ.

— سېنىڭ كونا كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپتۇ - دە، سانچو، يەنە قورقۇۋاتامسەن - نېمە؟

— قورقۇۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. بۇ خېنىم ئېسىلزادىلەردىنمۇ ئەمەس، ھۆرمەتلىك مەلىكىمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت ئادەتتىكىلا بىر قىز، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوت دېڭىزىغا كىرىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دوروتېيەنىڭ يۈزلىرى قىزى-رىپ كەتتى. ئۇ سانچونىڭ بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە فېرناندو بىلەن قىلىشقان كىچىككىنە يېقىنچىلىقىغا قارىتىپ ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

دونكىخوت ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، سانچو-نى دوروتېيەگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى:

— ھۇ بەتبەخت! كالۋا! نېمىنىڭ ھۆرمەت ئىكەنلى-كىنىغۇ ئەسلا بىلمەيسەن، مەلىكىنىڭ ئالدىدا بۇنداق ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىشقا پېتىندىڭمۇ تېخى!

سانچو نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدى، ئۇنىڭغا دەردىنى ئىچىگە يۇتماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كىشىلەر يولغا چىقىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشتىيۇ، ئەمما قانداق مېڭىشنى، دوروتېيەنىڭ مەلىكىنىڭ رولىنى داۋاملىق ئېلىۋېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بار ـ يوقلۇقىنى بىلەلمەي قېلىشتى. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئۇلار دوروتېيەنىڭ ئەمدى ئويۇننى ئويناۋېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى، پوپ بىلەن ساتىراشخانا خوجايىنىنىڭ دونكىخوتنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ ئاپىرىپ داۋالىتىشى لازىملىقىنى قارار قىلىشتى. ئۇلار ئامال ـ چارە ئويلاپ تۇرۇشقىنىدا، بىر كالا ھارۋىسى ئۆتۈپ قالدى، پوپ ھارۋىكەش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ كالا ھارۋىسى بىلەن دونكىخوتنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ ئاپىرىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. شەرتلىشىپ پۈتۈشكەندىن كېيىن ئۇلار دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ھارۋا ئۈستىگە چوڭ بىر ياغاچ قەپەس ياساپ چىقتى، بۇ قەپەس قارىماققا مەھبۇسلارنى سولايدىغان قەپەسكىلا ئوخشايتتى. قەپەس پۈتكەندىن كېيىن بىرنەچچە كىشى يۈزلىرىگە نىقاب تارتىپ، قاراقچى، جىن ـ ئالۋاستىلاردەك ياسىنىپ، دونكىخوت قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى قاتمۇقات باغلىۋەتتى.

بىر مەھەلدىن كېيىن دونكىخوت ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ چىڭ باغلىۋېتىلگەنلىكىنى، مىدىر ـ سىدىر

قىلالمايۋاتقانلىقىنى بايقىدى ـ دە، سېھىرلىنىپ قاپتىمەن دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىدا بىر توپ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە كۆرۈنگەن ئالۋاستىلارنىڭ يەنە پەيدا بولغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى.

ھېچقانداق گىرىم قىلمىغان، نىقابلانمىغان سانچو خوجايىنىنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى.

ھېلىقى جىن ـ ئالۋاستى، قاراقچى سىياقىدا ياسىنىۋالغانلار دونكىخوتنى كالا ھارۋىسىدىكى قەپەسكە سولىدى، شۇنداق قىلىپ دونكىخوت بىر مەھبۇسقا ئايلاندى.

دونكىخوت ئۆزىنى بىر يارىلانغان رىتسار دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى، بۇ ھال ئۇنىڭ قەلبىنى قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولدۇردى:

— مەن رىتسارلىق ھەققىدىكى نۇرغۇن قىسسەلەرنى ئوقۇغان، بىراق ماڭا ئوخشاش سېھىرلىنىپ قەپەسكە بەند قىلىنغان رىتسارنى پەقەت ئاڭلىمىغان.

— خوجايىن! سىز ئۇلارنى راستتىنلا بىر توپ جىن ـ ئالۋاستىلار دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ مەن ھېلىلا ئۇلارنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ باقتىم، بىز ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن، ئەگەر جىن ـ ئالۋاستى بولغان بولسا جىسمى يوق كۆلەڭگىدىنلا ئىبارەت بولاتتى.

— ئالۋاستى دېگەن نېمە ئاشۇنداق ئۆزگىرىشچان

بولىدۇ، بىز ئىنسانلار ئۇلارنى ئاڭقىرىپ بولالمايمىز، بول-مىسا ئۇنى ئالۋاستى دەپ نېمە قىلىمىز؟

فېرناندو سانچونىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھېيلىسىنى ئاشكا-رىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى ـ دە، دەررۇ پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلدى.

فېرناندو ۋە كاردىنولار سارايدىن ئايرىلدى، پوپ بىلەن ساتىراشخانا خوجايىنى ئىقابلانغان پېتى كالا ھارۋىسىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار يەنە ئىككى چارلاش ساقچىسىنى كالا ھارۋىسىنى يالاپ مېڭىشقا ياللىۋالدى، ئۇ ئىككى چارلاش ساقچىسى ئاتلىق ھالدا ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىدا مېڭىشتى. سانچو بولسا دونكىخوتنىڭ روسنانتىغا مىنىپ ھارۋىنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپلا ماڭدى. پوپ بىلەن سا-تىراشخانا خوجايىنى ئاتلىق ھالدا ئەڭ كەينىدە ماڭدى.

مېڭىشتىن ئاۋۋال دونكىخوت كالا ھارۋىسىنىڭ ئۈس-تىدىكى قەپەسنىڭ ۋادەكلىرى ئارىلىقىدىن ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ۋە ئۆزىنىڭ رىتسارلارغا خاس قورقۇمسىز روھىنى نامايان قىلدى. شۇ پەيتتە ئۇ مەھبۇس ھارۋىسىدا خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇراتتى، چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەكلا ئىدى.

كالا ھارۋىسى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن يەتتە ـ سەككىز چاقىرىمچە يول يۈردى. پوپ ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئالتە ـ يەتتە ئەر كىشىنىڭ ئاتلىق ھالدا

چىپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بىر ئېپىسكوپىنىڭ ئۇلارغا باشچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئېپىسكوپقا بۇ كىشىلەر تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلغاچقا، توختاپ سورۇشتۇرۇپ باقماقچى بولدى، ئۇ چارلاش ساقچىسىدىن سورىۋىدى، «بىرىپ ئۆزىدىن سوراڭ!» دەپ جاۋاب بەردى ساقچى.

— جانابلىرى، — دېدى دونكىخوت تەشەببۇسكارلىق بىلەن، — مەن جادۇنىڭ تەسىرىدىن سېھىرلىنىپ قەپەسكە بەند قىلىنغان بىر رىتسار بولىمەن ....

دونكىخوتنىڭ ئىگىسىز - پەس سۆزلەپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىشە قىلغان پوپ ئالدىراپ - تېنەپ گەپكە ئارىلاشتى:

— جانابلىرى، بۇ كىشى بۈيۈك رىتسار دونكىخوت بولىدۇ، ئۇنىڭ تۆھپە - ئەمەللىرىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى خاتىرە تاشلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەڭگۈ يادلانغۇسى!

ياندا تۇرغان سانچو لوقما سالدى:

— پوپ جانابلىرى، سىز مېنى ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ مەن سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا ھاماقەت ئەمەس، مېنىڭ دىلىم ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك. سىز بولمىغان بولسىڭىز، خوجام مىكومى مەلىكىنى ئۆز ئەمرىگە ئالاتتى، مەنمۇ گرافلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ قالاتتىم. سىز خوجامنى

قەپەسكە سولىنۇپلىپ، ئۇنىڭ زالىملارنى يوقىتىپ ئاجىز-لارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويمىدىڭىز. مېنىڭ چۈشىنەلمەيۋاتقىنىم شۇكى، ئۆزىڭىز كۆن بويى مېھرىبانلىقنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيسىزيۇ، ئەمما مېنىڭ خوجامغا نىسبەتەن زەھەرخەندىلىك قىلىۋاتىسىز ....

— مېنىڭچە، سېنىڭ كاللاڭمۇ خوجاڭنىڭ كاللىسىغا ئوخشاش چۈرگىلەپ قاپتۇ، سەنمۇ خوجاڭغا ئوخشاشلا ئالىجوقا جۆيلۈۋاتىسەن، ئەمدى سۆزلەيدىغان بولساڭ، سەنمۇ ئۆزۈڭنى قەپەستە كۆرىسەن، — دېدى ساتىراشخانىنىڭ خوجايىنى سانچونىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ.

پوپ ئېپىسكوپ بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ، دونكىخوتنىڭ خاراكتېرى، ساراڭلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئۇنىڭ قىلغان بەزى كۈلكىلىك ئىشلىرى ھەققىدە ئۇنىڭغا قىسقىچە مەلۇمات بەردى.

— رىتسارلار ھەققىدىكى ھېكايە ـ قىسسەلەر تولىمۇ بىمەنە تېتىقسىز بولىدۇ، ئۇنى كۆپ ئوقۇغانلارغا زەرەرى تېگىدۇ، شۇڭا بۇنداق كىتابلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي كۆيدۈرۈپ تاشلىغان تۈزۈك، — دېدى پوپنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئېپىسكوپ ھەيرانلىق ئىلكىدە.

بۇ گەپلەردىن پوپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، ئۇ ئىككىسى ئۇ بىر ئېغىزدىن، بۇ بىر ئېغىزدىن سۆز ئېلىپ

تولىمۇ كۆڭۈللۈك ھەمسۆھبەتتە بولۇشتى، ھەتتا ھەر ئىككىسىلا بەكمۇ كېچىكىپ يۈز كۆرۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

ئۇلار تازا قىزغىن ھەمسۆھبەتتە بولۇۋاتقاندا، ساتىراشخانىنىڭ خوجايىنى يۈگۈرۈپ كېلىپ پوپقا:

— تولىمۇ بەلەن ئوتلاقلاركەن بۇ، مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىۋالايلى، ئات ـ ئۇلاغلارمۇ ئوتلىۋالسۇن، — دېدى.

ئىككىيلەن ئەتراپنىڭ دەرۋەقە بىر پارچە يېشىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى، ئۇلار ئارام ئالغاچ پارىڭىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇشتى.

## ئەڭ ئاخىرقى تەۋەككۇلچىلىك

سانچو ھوشيارلىقىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىغانىدى. ئۇ پوپ بىلەن ئېپىسكوپنىڭ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ خوجايىنى سولانغان قەپەسنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆز باشلىدى:

— خوجايىن، سىز ئۆزىڭىزنى سېھىرلىنىپ قالدىم دەپ خاتالىشىۋاتىسىز، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار سىزنى ئالدىدى، ھېلىقى نىقابلىق ئىككى كىشىنىڭ بىرسى پوپ، يەنە بىرسى ساتىراشخانا خوجايىنى بولىدۇ.

— ئېھتىمال ئۇ سىنىڭ خاتا تۇيغۇڭدۇ، سېھىرلەن-گەندىن كېيىن شۇنداق خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالىدىغان گەپ، بۇمۇ ناھايىتى نورمال ئىش.

— بىراق خوجايىن، سىز سېھىرلىنىپ قالغىنىڭىز يوق! شۇنى بىلگۈم بار خوجام، قەپەستە شۇنچە ئۇزۇن تۇر-دىڭىز، تەرەت قىلغۇڭىز كەلمىدىمۇ؟

— توغرا ئېيتىسەن، مېنىڭ تەرىتىم قىستاپ ئۆ-زۈمنى تۇتۇۋالالمايلا قالدىم، چاپسان كېلىپ ماڭا ياردەم-لەشكىن، ھەممە يەرگە يۇقتۇرۇپ، مەينەت قىلىپ يۈرمەيلى!

— ھەببەللى ئەپەندىم، مەن ئاخىر ئىسپات تاپتىم! سىزگە ئوخشاش ھەم يېگۈسى، ھەم تەرەت قىلغۇسى كې-لىدىغان ئادەم دېگەننى ھەرگىز سېھىرلىنىپ قالغان ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، سېھىرلىنىپ قالغان ئادەم دېگەننىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۇيقۇسى قاچىدۇ، تەرەت قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

— دېگىنىڭنىڭ ئاساسى بار، بىراق سېھىر دېگەننىڭ خىللىرى كۆپ، مېنىڭكى بەلكىم باشقىچىرەك سېھىر-لىنىش بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلۇغ رىتسارنىڭ سېھىرلىنىپ، مەھبۇس ھارۋىسىغا بەند قىلىنىشى ھەقىقەتەن تۇنجى قېتىملىق ئىش. بۇ دەرۋەقە تىللاردا داستان قىلىشقا، پۈتۈپ قويۇشقا تېگىشلىك

ئىشلار جۇملىسىدىندۇر. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن پەخىرلىنىش-كە ھەقلىقمەن. ئەمما بىر رىتسارنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم ئىشلار تۇرسا، لېكىن ئۇلارنى قىلالمىسا، ھەقىقەتەن رىتسارلىقتىن ئىبارەت بۈيۈك نامغا داغ تېگىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

سانچو دونكىخوتنىڭ بۇ خىيالىنى بىلىپ:

— ئېيتقىنىڭىز دۇرۇس خوجايىن، بىز بۇ قەپەستىن قېچىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقساق، سىزنىڭ سېھىرلەن-گەنلىكىڭىزنىڭ راست - يالغانلىقىنى سىناپ باقساق بو-لاتتى. ئەگەر ئاقماي قالسا، پەقەت چىققىلى بولمىسا، مەن قەسەم قىلىمەنكى، قەپەسكە كىرىپ سىزگە ھەمراھ بولى-مەن، — دېدى.

دونكىخوت ئويلاپ كۆرۈپ سانچونىڭ سۆزلىرىنى ئو-رۇنلۇق دەپ ھېسابلىدى - دە، ئاخىر قوشۇلدى.

سانچو كۆپچىلىك ئوتلاقتا دەم ئېلىۋاتقان پۇرسەتتە پوپنى ئىزدەپ بېرىپ خوجايىنىنىڭ قەپەستىن چىقىپ تەرەت قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت بېرىشىنى ئۆتۈندى. پوپمۇ قەپەستە تەرەت قىلىشنىڭ قولايسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا خاتىرجەم بولالماي قالدى.

— رىتسار دېگەن گېپىدە تۇرىدۇ، پەقەت ئۇ قېچىپ كەتمەسلىككە ماقۇل بولسىلا، مېنىڭچە رۇخسەت قىلساق بولىدۇ، — دېدى ياندا تۇرغان ئېپىسكوپ.

— مەن ۋەدەمدە تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىمەن، — دې-
دى دونكىخوت ۋە قەپەسنىڭ ۋادەكلىرى ئارىلىقىدىن قو-
لىنى چىقىرىپ ئېپىسكوپ بىلەن قول باغلاشتى.

دونكىخوت قەپەستىن چىقىپ بەللىرىنى رۇسلاپ،
پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ بەكمۇ راھەتلىنىپ كەتتى. ئاخىر
ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئۇ سانچو بىلەن
بىللە خالىي بىر جايغا بېرىپ تەرەت قىلدى ۋە ئۆزىنى را-
ھەتلىنىپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بۇ ھال
ئۇنى ئەركىن تۇرمۇشقا تېخىمۇ ئىنتىلدۇردى، شۇنىڭ بى-
لەن دونكىخوت پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىشنى كۆڭ-
لىگە پۈكتى.

دونكىخوت ئوتلاقتا ئولتۇرۇپ ئېپىسكوپ بىلەن رىت-
سارلىق يوللىرى ئۈستىدە كۆپ پاراڭلارنى سېلىشتى. ئې-
پىسكوپ دونكىخوتنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ قىلى-
ۋاتاتتى، ئۇ دونكىخوتنى بىر ئەقىللىق ئادەم ئىكەن، ئەمما
رىتسارلار ھەققىدىكى رومانلارنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ،
قاتتىق زەھەرلەنگەچكە غەلىتىلا بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى.
ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىدا تولغان قەلبى ئۇنى ساۋابلىق
ئىش قىلىپ، دونكىخوتنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا
ئۈندىدى.

— ئەپەندىم، سىز رىتسارلار ھەققىدىكى ئېتىقىسىز
رومانلارنى كۆپ ئوقۇپ، ئۇلاردا يېزىلغىنىنى راست دەپ

ئىشىنىپ قاپسىز، سىزگە رىتسارلىق جىنى چاپلىشىپ-تۇ، — دېدى ئۇ ۋە نۇرغۇن رومانلارنى ھەم ئۇلاردىكى رىت-سارلارنىڭ تولىمۇ بىمەنە، غەلىتە كەچۈرمىشلىرىنى مى-سال قىلىپ جىق سۆزلىدى.

دونكىخوت ئېپىسكوپنىڭ سۆزلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا بىرھازا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— جانابلىرى، سىلىنىڭ سۆزلىرىچە بولغاندا، بۇ دۇنيادا جاھان كېزەر رىتسار دېگەن مەۋجۇت ئەمەسكەن، ئۇلار ھەققىدىكى رومانلارمۇ ئادەم ئالدايدىغان نەرسىلەر ئى-كەندە؟ — دېدى دونكىخوت خېلى ئۇزاقتىن كېيىن.

— ئېيتقىنىڭىز دۇرۇس.

— سىلىنىڭچە ئۇ رومانلار مېنى زەھەرلەپتۇ، مەن خىيالپەرەس بولۇپ قاپتىمەن، شۇنداقمۇ ئۆزى؟

— توغرا!

— يوقسۇ ئەپەندىم، مېنىڭچە سىلى خاتالىشىۋاتىلا، سىلى رىتسارلارنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، نېمىشقا ئاغزىلىرىغا كەلگەنچە سۆزلەيلا؟

دونكىخوت بىلەن ئېپىسكوپ نۇرغۇن مۇلاھىزە-مۇنازىرىلەرنى قىلىشتى. ئېپىسكوپ دونكىخوتنىڭ رىت-سارلىق يولىغا شۇنداق كامىل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى، بۇ ھال ئۇنى ھەيران قالدۇرغان بولسا،

دونكىخوتنىڭ رىتسارلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پې- تىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى ئەندىشىگە سالدى.

ئۇشتۇمتۇتلا ئەتراپتىكى چاتقاللار ئارىسىدىن بىر قوي سەكرەپ چىقتى، كەينىدىن بىر پادىچى قوغلاپ كەلدى. ئۇ قويىنىڭ ئارقا ئىككى پۇتىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى ۋە غەلىتە گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى:

— قىزىل گۈلۈم! ياۋايى قىزچاق! ئۇنداق قېچىپ يۈرمەي، قايتىپ كەلگىن، سېنىڭ ھەمراھلىرىڭ سېنى ساقلاۋاتىدۇ.

ئېپىسكوپقا بۇ گەپلەر تولىمۇ قىزىق تۇيۇلدى. شۇ- نىڭ بىلەن ئۇ پادىچىنىڭ بۇ قويىنى قىزچاق دەپ ئاتىشى- نىڭ سەۋەبىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا بىر پارچە پىششىق گۆش ئۇزاتقاچ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قېشىمىزدا ئولتۇرۇپ «قوي قىزچاق ۋەقەسى» ھەققىدە بىزگە سۆزلەپ بېرىڭ.

شۇنداق قىلىپ پادىچى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆز- لەشكە باشلىدى.

پادىچى ئۆز كەنتىدىكى بىر گۈزەل قىزغا كۆيۈپ قاپتۇ. قىزنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلۇپتۇ ۋە قىز سەل چوڭراق بولغاندا ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بوپتۇ.

بىراق ئويلىمىغان يەردىن بۇ كەنتكە بىر

چاقىرىلمىغان مېھمان كەپتۇ ۋە قىزنى ئالداپ ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ، ئۇنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر تە-رەپ ـ تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشىپتۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر تاغ ئۆڭكۈرىدىن غال ـ غال تىتى-رەپ ئولتۇرغان قىزچاقنى تېپىپتۇ، ئۇ ئۆيىدىن ئېلىپ چىققان بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ھېلىقى لەنتى بۇ-لاپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ دادىسى بۇ نومۇسنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇنى موناستىرغا ئەكىرىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىچى ئۇ قىزنى ئىككىنچى كۆرەلمەپتۇ.

پادىچى كۆڭلەرنى دەرد ـ ئەلەملەر ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئاخىر تاغقا چىقىپ قوي بېقىپتۇ. ئۇ قىزچاقنى سې-غىنغان چاغلىرىدا قويلىرىغا سۆزلەيدىكەن.

كۆپچىلىك قويچىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى، بولۇپمۇ دونكىخوت جەزمەن پادىچى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى:

—پادىچى ئاغا، مېنىڭ دەررۇ ئاتلىنىپ سىزگە ياردەم قولۇمنى سوزغۇم بار ئىدى. مىڭ ئەپسۇس، مەن ھازىر سىز ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمايمەن، چۈنكى مېنى قەپەسكە بەند قىلىشقان. شۇنداقتىمۇ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ ئەركىنلىكىم ئەسلىگە كەلگەن ھامان، جەزمەن سىزگە ياردەم قولۇمنى سۇنىمەن، بۇ مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچۇم. پەرۋەردىگار سىزنى ئۆز

پاناھىدا ساقلىغاي!

دونكىخوتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پادىچى ئۇنىڭغا توختىماي سەپسالاتتى، ئۇ دونكىخوتنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت-لىرىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، پوپتىن سورىدى:

— بۇ ئەپەندى رېئاللىقتىكى ئادەممۇ ياكى رومانلاردى-كى رىتسارمۇ؟ قارىسام ئۇ غەلىتىلا كۆرۈنىدۇ.

— بۇ داڭلىق رىتسار دونكىخوت بولىدۇ، ئۇ بىر ھە-قىقىي رىتسار ئۆزى، — دېدى پوپ جاۋابەن.

— نەدىكى رىتساركەن ئۇ، مېنىڭچە بۇ ئادەمنىڭ كال-لىسىنىڭ دەردى باردەك قىلىدۇ.

— مەن سېنىڭ بىر رىتسارنى كەلسە ـ كەلمەس ھا-قارەتلىشىڭگە يول قويمايمەن.

دونكىخوت ۋارقىرىغىنىچە بىر پارچە بولكىنى ئېلىپ پادىچىغا ئاتتى. پادىچىمۇ بوش كەلمەستىن ئورنىدىن چاچ-راپ تۇرۇپ دونكىخوتقا ئېتىلدى.

سانچو يۈگۈرۈپ بېرىپ خوجايىنىغا بولۇشماقچى بو-لۇۋىدى، باشقىلار ئۇنى توسۇۋالدى. چۈنكى، كىشىلەر بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈشمەكچى ئىدى.

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا بۇرغا ئاۋازى ئاڭلاندى، كۆپچى-لىكنىڭ ھەممىسى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. دونكى-خوتمۇ ئۇرۇشتىن توختاپ، شۇ ياققا قارىدى. تۆپىلىكتىن

ئاق كىيىم كىيگۈزۈلگەن بىرمۇنچە كىشىلەر ئۈزۈن سەپ بولۇپ چۇشۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەسلىدە شۇ يىلى يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولغاچقا، ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئاھالىلەر بەس ـ بەستە يىغىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەتچى ۋە تۆ ـ ۋە ـ ئىستىغپارچى قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، تەڭرىدىن مېھرى ـ شەپقەت قىلىپ، خىسلەتلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپ مېڭىشقانىدى. ئۇلار بىر ھۆر-مەتلىك ئايال مەبۇدنى كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى.

ئۇلارنى كۆرگەن دونكىخوتنىڭ يەنە كونا كېسىلى قوزغالدى:

— جانابلار، رىتسارلىق روھىنى جارى قىلدۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. سىلەر رىتسارنىڭ بۇ ئالەمدىكى مۇ-ھىم رولىنى كۆرىدىغان بولدۇڭلار، مەن بېرىپ ئاۋۇ ھۆر-مەتلىك خانىمنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئېتىغا مىندى ـ دە، توپقا قاراپ ئېتىلدى. پوپ، ئېپىسكوپ ۋە سانچولار ئۇنى توسۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ توسۇپ قالالمىدى.

— خوجايىن! سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بۇۋى مەريەمنىڭ مۇرىتلىرىنىمۇ تونۇمايۋاتامسىز؟ ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنى نارەسىدە قىزنىڭ ھەيكىلى ئەمەسمۇ، ئوب-دانراق بىر قاراپ باقسىڭىزچۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رىتسارلىق روھىنى نامايان

قىلىشقا بىرىلىپ كەتكەن دونكىخوتنىڭ قۇلىقىغا كى-
شىلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى ھەرگىز كىرمەيت-
تى. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە توپنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بې-
رىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتقانچە ۋارقىرىدى:

— توختاڭلار، مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار!

مۇقەددەس مەبۇدنى كۆتۈرۈۋالغانلار توختاشتى، ئۇلار بۇ
ئاتالمىش رىتسارنىڭ بىمەنە، غەلىتە قىلىقلىرىنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭ نېرۋىسىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىشتى.

— گېپىڭىز بولسا چاپسان دەڭ، بىز ئالدىراي-
مىز، — دېدى ئۇلاردىن بىرەيلەن.

— گەپ بەك ئاددىي، مەن بۇ ھۆرمەتلىك خانىمغا
ياردەم قىلماقچىمەن، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئەركىنلىككە
چىقسۇن! — دېدى دونكىخوت غەزەپ بىلەن.

دونكىخوتنىڭ بۇ جۆيلۈشلىرىنى ئاڭلىغان ئاق كى-
يىملىكلەر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي پاراقلاپ كۈلۈشۈپ
كەتتى. كۈتۈلمىگەندە، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى خۇددى كۆيۈ-
ۋاتقان ئوتقا ياغ چاچقاندەكلا دونكىخوتنىڭ غەزىپىنى
ئۆرلىتىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قورقۇنچلۇق تۈسكە
كىردى. ئۇ شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى - دە،
ئۇدۇللا ئاپىرىپ ئۆزىگە گەپ ياندۇرغان ھېلىقى ئەرگە
سانجىدى.

ئاق كىيىملىكلەر قوللىرىدىكى كالتەكلەر بىلەن

ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشتى، ئۇلارنىڭ كالتەكلىرى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى، ئۇلار قوللىرىدىكى سۇنۇق كالتەكلەر بىلەن دونكىخوتنى ئۇرۇشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن دونكىخوت ئاتتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

— قولۇڭنى تارتىش! — دەپ ۋارقىرىدى خوجايىنىنىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن سانچو ئالدىراپ - تېنەپ.

دونكىخوتنىڭ يەردە سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن ئاق كىيىملىكلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ قورقۇپ تىكىۋېتىشتى.

دونكىخوتنى راست ئۆلدى دەپ ئويلاپ قالغان سانچو ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى:

— ھەي خوجام، سىز بۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ نەچچە قېتىملىق خەۋپ - خەتەرلەرمۇ سىزنى ھېچ نەرسە قىلالمىغان ئىدىغۇ، بۇ دورەم بۇنداقلا كېتىپ قالغىنىڭىز نېمىسى ئەمدى؟ سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ ئەمدى كىمنى ئىزدەيمەن؟

ھوشىدىن كەتكەن دونكىخوتنى سانچونىڭ يىغا زارىلىرى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپلا ۋايساپ كەتتى:

— ئاھ شېرىن - شېكەر دولسىنېيەم، مېنىڭ ھازىرقى ئازابلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى سىزدىن ئايرىلغاندىن

كېيىنكى جۇدالىق ئازابىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ! سانچو، مېنى چاپسان مەھبۇس هارۋىسىغا چىقارغىن، مەن هازىرلا ئۆيگە قايتاي، تېز كېلىپ ماڭا ياردەملەشسەڭچۇ! ۋايجان، مېنىڭ بىلىكىم نېمانچە ئاغرىيدىغاندۇ؟!!

— ئەجەب بەلەن بولدى، خوجايىنىم تىرىلدى! — دېدى سانچو خۇشال بولۇپ، بىراق هايال ئۆتمەيلا بۇ خۇشاللىق-نىڭ ئورنىنى مەيۇسلۇك ئىگىلىدى:

— خوجايىن، توغرا ئېيتتىڭىز، مەن دېگىنىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمەن. بۇ دېگەن مەھبۇس هارۋىسى ئەمەس، بىز ماۋۇ جانابلار بىلەن بىللە يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىۋالايلى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئامال قىلىپ چوقۇم يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈپ چىقارمىز.

—ئېيتقانلىرىڭ دۇرۇس سانچو، سەن تولىمۇ بەلەن ئەقىل كۆرسەتتىڭ.

پوپ بىلەن ئېپىسكوپ ئۇلارنىڭ قارىشىغا قوشۇلدى ۋە دونكىخوتنى يۆلەپ كالا هارۋىسىغا چىقاردى. ئىككى چار-لاش ساقچىسى ۋەزىپىمىزنى تاماملاپ بولدۇق دەپ ئويلە-شىپ تېگىشلىك هەقلىرىنى ئېلىشىپ، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى.

ئېپىسكوپمۇ كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ هەمراھ-لىرىنى ئىزدەپ كەتتى.

قالغانلار كالا هارۋىسىغا ئەگىشىپ، ئاستا ئۆز يولىغا

راۋان بولۇشتى، تەخمىنەن ئالتە كوچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار دونكىخوتنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەلدى.

ئۇلار مەھەللىگە يېتىپ كەلگەن چاغ دەل چىڭقى چۈش مەزگىلى بولۇپ، مەيدانغا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلغا- نىدى. كىشىلەر كالا هارۋىسى ئۈستىدىكى قەپەسنى كۆ- رۈپ، ئىچىگە قانداق غەلىتە مەخلۇق سولانغاندۇ، دەپ ئوي- لىشىپ، قىزىققان هالدا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— قىزىق ئىش، بۇ خوجايىن ئەمەسمۇ؟

— خوجايىنغا نېمە بولغاندۇ؟

— خوجايىن قەپەسكە سولىنىپ قاپتۇ!

بىر بالا يۈگۈرۈپ بېرىپ دونكىخوتنىڭ ئۆيىدىكىلەر- گە خەۋەر يەتكۈزدى.

دونكىخوتنىڭ ئايال غوجىدارى بىلەن جىيەن قىزى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇ- لار ئورۇقلاپ مايمۇنغىلا ئوخشاپ قالغان دونكىخوتنى كۆ- رۈپ ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماي يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلار زار ـ زار يىغلاشقىنىچە ئادەمنى زەھەرلەيدىغان رىتسارلار ھەققىدىكى رومانلارنى قارغىشاتتى.

ئايال غوجىدار بىلەن جىيەن قىزى دونكىخوتنىڭ قاسماقلىشىپ، جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئۇنى يۆلەپ ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇ- زۇشتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتىيۇ، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىككى

ئايال زاتىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى، ئۆزىنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئاڭقىرالمىدى.

پوپ دونكىخوتنى قانداق ئامال ـ چارىلەر بىلەن قايتۇرۇپ ئەكەلگەنلىكىنى، يول ئۈستىدە قانداق ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىرەر قۇر سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، جىيەن قىزىغا تاپىلىدى:

— سىلەر ئۇنىڭغا ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بولۇڭلار، ئەمدى يەنە قېچىپ كەتمىسۇن!

دەرۋەقە كىشىلەرنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن دونكىخوت يېڭىۋاشتىن جاھان كېزىش جېدىلى قىلىشقا باشلىدى.

سانچونىڭ پۇتۇن ئەس ـ يادى گراف بولۇشتا ئىدى، شۇڭا ئۇ پۇرسەت تېپىپ دونكىخوتنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىپ كەلدى. خوجايىن بىلەن مالاي تولىمۇ قىزغىن، قەدىناسلارچە چىڭ قۇچاقلاشتى. بىرپەس ئامانلىق ـ ئېسەنلىك سورىشىشلاردىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى ئۆز كۆز-قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئوخشاشلا بۇ نەچچە كۈنلۈك سەھرا تۇرمۇشىنى زېرىكىشلىك، مەنىسىز، بۇرۇختۇرما ھالەتتە ئۆتتى دەپ قارىشاتتى، بۇ يەردە ئۇنداق ياشىغۇچە دەررۇ ئاتلىنىپ جاھان كېزىپ تۆھپە كۆرسىتىپ، شەرەپ قۇچقان تۈزۈك دەپ ھېسابلىشاتتى.

شۇنداق قىلىپ دونكىخوت بىلەن سانچو قايتا سەپەرگە ئاتلىنىپ، تەۋەككۇلچىلىك يولىنى تۇتۇشنى قارار قىلىشتى.

ئۈچ كۈن ئىچىدە دونكىخوت بىلەن سانچو ئۆزلىرى زۆرۈر دەپ قارىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەخ قىلىشتى، ئۇلار ئالدىنقى نۆۋەتتىكى سەپەر تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يەنە نۇرغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى زاپاس ئېلىۋالدى.

كەچقۇرۇن ئۇ ئىككىسى ئائىلىسىدىكىلەرگە تۇيدۇرمايلا مەھەللىدىن ئايرىلىپ ئۈچىنچى قېتىملىق سەپىرىنى باشلىدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم

## مەشۇقىنى زىيارەت قىلىش

دونكىخوت ئۆيىدە داۋالاندى. بىر ئايدىن كېيىن سانچو ئۇنى يوقلاپ كەلدى، دونكىخوت ئۇنىڭغا يول تەييارلىقى قىلىشنى تاپىلىدى ۋە سەككىز كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سامسۇن موللام دونكىخوتنى ئاراگون ئېلىدىكى ساراگوسا شەھىرىگە بېرىشقا دالالەت قىلغان ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ يەردە ئەلەم ماھارىتى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، دونكىخوتنىڭ ئۇ يەردە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇلار ئىككىيلەن يەنە سەپەرگە ئاتلاندى.

ساراگوساغا بېرىشتىن بۇرۇن دونكىخوت ئالدى بىلەن توبوسوغا بېرىپ مەشۇقى دولسىنېيە خېنىمنى زىيارەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— گۈزەللىكنى كۆرۈشنى ئويلىسامىلا ئۆزۈمنى تولىمۇ

بەختلىك ھېس قىلىپ كېتىمەن دېگىنە سانچو.

— شۇنداق خوجايىن! ئۇ چوقۇم پاكار تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ سىزگە بەخت تىلەيدۇ.

— سەن پاكار تام دەيسەنغۇ سانچو؟ ئۇ دېگەنچۇ، جەز. مەن بىر سەلتەنەتلىك قەسىرنىڭ دالىنى جۇمۇ.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ يولغا راۋان بولۇشتى ۋە شۇ ماڭغانچە بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئۇلار توبوسوغا يېتىپ كېلىشتى.

«ئاللىقانداق مەلىكىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ماڭا بەش قولدەك ئايان، خوجايىن بولسا ھە دېسىلا شۇنى ئىزدەپ تۇرۇۋالىدۇ، قىيقىزىل ساراڭلىقتە بۇ!» دەپ ئويلىدى سان. چو. ئۇنىڭ راسا ئىچى پۇشۇپ تۇرغاندا، قارشى تەرەپتىن سەھرالىق ئاياللىن ئۈچى چىقىپ كەلدى.

— قاراڭ خوجايىن، دولسىنېيە مەلىكە ئىككى كې. نىزەكنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سانچو، — ئۇ بەكمۇ چىرايلىقكەن، ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىكەن.

بىراق دونكىخوتنىڭ كۆرگىنى ئۈچ سەھرالىق ئايال ئىدى.

— مەن پەقەت ئېشەككە مىنىپ كېلىۋاتقان ئۈچ سەھرالىق ئايالنىلا كۆردۈمغۇ ئۆزى! — دېدى دونكىخوت شۈبھىلەنگەن ھالدا.

سانچو ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تىزلاندى:

— ساھىبجامال مەلىكە، بۇ كىشى داڭلىق رىتسار دونكىخوت بولىدۇ.

— ھۇ لەنەت تەگكۈر ئەبلەخلەر، بىزنى يولىمىزغا ماڭغىلى قويۇپ كۆزىمىزدىن يوقىلىش! — دېدى ئاياللار.

— مەن ھەمىشە ساڭا ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ نەس باسقان ئادەممەن دەيمەن ئەمەسمۇ سانچو؟ — دېدى مەشۇ-قىنى سېھىرلىنىپ، ھەم كالۋا ھەم سەت بىر سەھرالىق ئايالغا ئايلىنىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىغان دونكىخوت.

ئۇ ئىككىيلەن داۋاملىق ئۆز يولىغا راۋان بولۇش نە-يىتىگە كېلىشتى.

## ئەينەك رىتسار بىلەن ئۇچرىشىش

خوجايىن بىلەن مالاي ئىككىسى چوڭ بىر توپ دەرەخ تۈۋىدە كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى. يېرىم كېچىدە ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدىن كېلىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئى مەشۇقۇم، سەن دۇنيادىكى تەڭداشسىز نازىنىن-سەن، مېنى ئەڭ مەمنۇن قىلىدىغىنى جاھانغا مەشھۇر رىتسار دونكىخوتنى مەغلۇپ قىلغانلىقىمدۇر، — دەپ نا-لە - زار قىلدى ھېلىقى كىشى ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ.

— دونكىخوت مانا بۇ يەردە تۇرۇپتۇ تەقسىر، ئۇ قو-لىدىكى قورال بىلەن ھەقىقەتنى قوغداشقا تەييار، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىن غەزەپلەنگەن دونكىخوت ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۇئېلغا چۈشمەكچى بولدى.

— دۇئېلنىڭ شەرتى شۇكى، يېڭىلگۈچى يەڭگۈچى-نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ، — دېدى «ئەينەك رىت-سار» دەپ ئاتالغان ئەپەندىم.

دۇئېل باشلاندى، ئىككى رىتسار جەڭگە ئاتلاندى.

— «ئەينەك رىتسار»نىڭ ئېتى گەپكە كىرمىدى، قو-لىمۇ كالۋالىشىپ نەيزىنى ئوبدان ئوينىتالماي قالدى ـ دە، بىرىنچى مەرتەمدىلا دونكىخوتنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇ-رالماي ئاتتىن يەرگە يىقىلدى. دونكىخوت ئۇنىڭ دۇبۇلغى-سىنى يېشىپلا ھەيران قالدى، ئۇ كىشى ئەسلىدە سامسون موللام ئىدى. ئۇنىڭ مالىيى باشقا بىرسى بولماستىن، سانچونىڭ قوشنىسى بولۇپ چىقتى.

ئەسلىدە بۇ سامسون، پوپ ۋە ساتىراشخانا خوجايىنى-نىڭ بىرلىكتە پىلانلاپ چىققان ئويۇنى بولۇپ، «ئەينەك رىتسار» دونكىخوتنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇنى يۇرتىغا قايتىشقا بۇيرۇيدىغان ۋە ئىككى يىلغىچە سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلمايدىغان بولغانىدى. بىراق موللام يېڭىلىپ قېلىپ دونكىخوتنىڭ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قو-يۇشقا توغرا كەلدى.

# شىرلار بىلەن ئېلىشىش

يول ئۈستىدە ئۇ ئىككىيلەن «پادىشاھقا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تۇغ قىستۇرۇلغان بىر هارۋىنى ئۇچرىتىشتى. هارۋىغا قەپەسكە سولانغان ئىككى ۋەھشىي شىر بېسىلغان بولۇپ، بۇ شىرلارنى ئالجىرىيە باش ۋالىيسى پادىشاھقا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

دونكىخوت ئالدىغا چىقىپ سورۇشتۇرۇپ، هارۋىكەشتىن دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، غەزەپلەنگەن هالدا ۋارقىراپ كەتتى:

— شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىككى قەپەسنىڭ ئىشىكىنى دەررۇ ئاچمايدىغان بولساڭ مۇنۇ نەيزەم بىلەن بېشىڭنى هارۋىغا مىخلىۋېتىمەن!

دونكىخوت شۇ تەرىقىدە هارۋىكەشنى قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا زورلاپ، شىر بىلەن ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولدى. كىشىلەر توختىماستىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتى، سانچو يىغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈندى. بىراق ئۇ زادىلا ئاڭلىمىدى. كىشىلەر يىراقلارغا قېچىشىپ، دونكىخوتنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەكچى بولۇشتى.

قەپەس ئېچىلدى، دونكىخوتمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، شەمشىرىنى چىقىرىپ، قالقىنىنى تۇتۇپ، هارۋا تەرەپكە قاراپ

يول ئالدى، ئۇ بىر تەرەپتىن خۇدادىن پاناھلىق تىلەپ دۇئا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دولسىنېيە مەلىكىدىن مەدەت تىلەيتتى.

ھېلىقى شىر بەكمۇ يوغان ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى. ئەسلىدە قەپەستە ياتقان بۇ شىر بۇرۇلۇپ، بەللىرىنى سوزۇپ، بىرنى ئەسنەپ، تىلى بىلەن يۈزىنى يالىدى ـ دە، بېشىنى قەپەستىن چىقاردى، بىراق ئارقىدىنلا يەنە قەپەسكە بېشىنى تىقىپ يېتىۋالدى.

ئۇنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىشنى ئويلاۋاتقان دونكىخوت ھارۋىكەشنى ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ چۇشۇرۇشكە بۇيرۇدى.

—سىزنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقىڭىز ھەممىگە ئايان بولدى، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانغا چۈشمىگىنى ئۇنىڭ ئوسال بولغىنى، يېڭىلگىنى، زەپەر تاجى ئېلىشنى كۈتۈپ تۇرغۇچىغا مەنسۇپ! — دېدى ھارۋىكەش.

دونكىخوت بۇ سۆزلەرنى ئورۇنلۇق ھېس قىلدى ـ دە، ئېلىشىشتىن ۋاز كەچتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئېيتىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا «شىر يۈرەك رىتسار» دېگەن لەقەم قويۇلدى.

## راست ـ يالغان قونچاق ئويۇنى

دونكىخوت بىلەن سانچو بىر سارايغا كېلىپ چۈشتى.

قونچاق ئويىنىتىش ماھىرى پېدرو ئەپەندى مېھمانلارغا «مەشھۇر دون گايپېروسنىڭ مېلسېندارنى قۇتقۇزۇشى» ناملىق ئويۇننى قويۇپ بەردى. ئويۇن ئويىنىلىپ دون گاي-پېروسنىڭ مورلارنىڭ قولىدىن خوتۇنى مېلسېندارنى قۇتقۇزۇپ دۇلدۇلغا مىنىپ قاچقان، بىر توپ مورلار ئۇلار-نىڭ كەينىدىن قوغلاۋاتقان يېرىگە كەلگەندە، دونكىخوت بىردىنلا قېچىۋاتقانلارغا ياردەم كېرەكلىكىنى ھېس قى-لىپ قالدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— مانا مەن بۇ يەردە، كېلىشە چۇپرەندىلەر! توختاش! ئۇلارنى قوغلاشما! بولمىسا كورگۇلۇكۇڭنى كۆرىسەن!

ئارقىدىنلا ئۇ شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ سەھنىنىڭ يې-نىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، سەھنىدىكى مورلارغا زەرب بى-لەن شەمشەر ئۇرۇشقا باشلىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچىلا مورلارنىڭ مىجىقى چىقىپ كەتتى، بەزىلىرى يەر چىشلى-دى، بەزىلىرى قىيما ـ چىيما بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى پۇتلىرىدىن، بەزىلىرى قوللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى. ناۋادا پېدرو ئۇستام يەردە يېتىۋالمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇنىڭمۇ بېشى تېنىدىن جۇدا بولغان بولار ئىدى.

— دونكىخوت ئەپەندىم، دەرھال ئۆزىڭىزنى بېسىۋې-لىڭ، مېنىڭ قونچاقلىرىمنىڭ ھەممىسىنىلا چېقىپ تاشلىدىڭىز ئەمەسمۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ.

رىتسار قونچاق ئويۇنى سەھنىسىنى تۇپتۇز

قىلمۇەتتى. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار ئالاقزادە بولۇشۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېلىشتى. پېدرو ئۇستامىنىڭ مايمۇنىمۇ تورۇسقا چىقىۋالدى. سانچو ھېچقاچان خوجايىنىنىڭ بۇنداق ساراڭلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. قونچاق ئويۇنى جابدۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ۋەيران قىلىپ بولغان چاغدىلا، دونكىخوت پەسكويغا چۈشۈپ قالدى:

— بۇ دۇنيادا رىتسار بولمىسا بولمايدۇ، مەن بولمىغان بولسام قەھرىمان دون گايپېروس بىلەن ساھىبجامال مېلسېندارنىڭ قانداق تەقدىر ـ قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولاتتى! شۇڭا دەيمەنكى، بۇ دۇنيادىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسە رىتسارلىق يولىدۇر. ئۇ ئەبەدىلئەبەد داۋام قىلىشى كېرەك!

دونكىخوت ئۆزىنىڭ پېدرو ئۇستامىنىڭ جىمىكى بىساتلىرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ بۇ ئىشنى سېھىرلىنىپ قالغانلىقىمدىن بولغان بولسا كېرەك دەپ قارىدى ۋە ئەڭ ئاخىردا پېدرو ئۇستامىنىڭ ھېسابلىغىنى بويىچە 40 رىئېل تۆلەم تۆلىدى. بۇ ئىشتىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مەمنۇن بولۇشتى. بىر مەيدان جەڭگى ـ جېدەل شۇنىڭ بىلەن بېسىقىپ قالدى.

## چىرايلىق ئوۋچى ئايال بىلەن ئۇچرىشىش

دونكىخوت بىلەن سانچو ياپپېشىل ئوتلاقتا بۇركۈت بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى ئۇچراتتى. ئۇ-لارنىڭ ئىچىدە چىرايلىق بىر ئېسىلزادە خانىم تۇراتتى. ئەسلىدە كىنەز ئەر - ئايال ئوۋغا چىققانىدى.

— ئەسلىدە رىتسار دونكىخوت كەپتىكەن ئەمەسمۇ؟ كىنەز ئىككىمىز سىلەرنىڭ قەسرىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز، — دېدى ئېسىلزادە خانىم.

سانچو بۇ خانىمنىڭ ئۆزلىرىنى قانداقلاچە تونۇيدى-غانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، كىنەز خانىم يەنە گەپ باشلىدى:

— يېقىندا نەشر قىلىنغان «خىيالپەرەس دونكىخوت-نىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا سۆزلەنگەنلەر سىلەرغۇ دەيمەن؟

— دۇرۇس خانىم، ئۇ كىتابتىكى سانچو مەن بولىمەن، — دېدى سانچو.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىنەز خانىم بەك خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن قىزىق ئويۇنلارنى ئويناشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، بۇ مېھمانلارنى رىت-سارلار ھەققىدىكى رومانلاردا رىتسارلارنى كۈتۈۋالغاندەك

ئۇسۇلدا كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلاندى.

دونكىخوت ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، ئىككى چاكار بالا كېلىپ ئۇنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈردى، ھويلىغا كىرىشىگە، چىرايلىق ئىككى قىز ئېسىل بىر قىزىل پەلتونى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا يېپىنچاقلىتىپ قويدى، ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپى ئادەمگە لىق تولغانىدى.

— جاھاندا تەڭدىشى يوق باتۇر رىتسارنى قارشى ئالىمىز! — دەپ ۋارقىرىشاتتى ئۇلار.

كۆپچىلىك قوللىرىدىكى قۇتا ـ قۇتا ئەتىرلەرنى دونكىخوت بىلەن كىنەز ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۈستىۋاشلىرىغا چېچىشتى. دونكىخوت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رىتسار ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. ئۇ خۇددى كىتابلاردا يېزىلغاندەكلا كۈتۈۋېلىشلارغا نائىل بولۇۋاتاتتى.

دونكىخوت كېيىنىپ ـ تارىنىپ بولۇپ چوڭ بىر زالغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە دېدەكلەر قوللىرىغا ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىلارنى تۇتۇشقىنىچە دونكىخوتنى كۈتۈپ رەت ـ رەت بولۇپ تۇرۇشاتتى. دونكىخوت قوللىرىنى يۇيغاندىن كېيىن 12 نەپەر چاكار بالىنىڭ ھەمراھلىقىدا تاماقخانىغا كىرىپ كەلدى. كىنەز ئەر ـ خوتۇن دونكىخوتقا ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنى تونۇشتۇردى، ئۇ ئەدەپ ـ قائىدىلىك دىنىي ئۆلىما ئىدى.

غىزالىنىش جەريانىدا ئۆلىما ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا

تۇرغان بۇ غەيرىي تەبىئەتلىك كىشىنىڭ دونكىخوت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دونكىخوتقا كايىپلا كەتتى:

— ھەي كاللىسى يوق ئەبلەخ، ھەممىلا يەردە كەلسە - كەلمەس چېپىپ يۈرۈپ، كىشىلەرگە كۈلكە خۇرۇچى بو-لۇپ بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ دۇنيادا جاھان كەزگۈچى نېمە قىلسۇن، ئىسپانىيىدە نەدىمۇ غەلىتە مەخلۇق بولسۇن، دولسىنېيە مەلىكە دېگىنىڭ نېمە قىلسۇن؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىكقۇ بۇ!

رىتسارلارنى ھاقارەتلەشكە زادىلا چىداپ تۇرالمايدىغان دونكىخوتنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى:

— مەن دېگەن رىتسار، پەرۋەردىگار خالىسا ئۆلسەممۇ رىتسارلىقتا ئۆلىمەن، مېنىڭ بۇ يولنى تۇتۇشۇم پۇل - مال ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى نام - شۆھرەت ئۈچۈندۇر. مەن ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، مۇتتەھەملەرنىڭ جاجىسى-نى بېرىمەن، بۇ ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلگەنمەن. ئەل ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنى سارائ دەپ تىللىسا توغرا بولامدۇ؟

## كۆپچىلىكنىڭ دولسىنېيەگە چاپلاشقان جىننى قوغلىشى

كىنەز ئەر - خوتۇنلار رىتسارلىق ھېكايىلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دونكىخوت

بىلەن سانچونى كولدۇرلاتماقچى بولۇشتى. ئۇلار بىلەن بىر مەيدان بىمەنە ئويۇننى ئويلاپ چىقتى.

بىر كۈنى كىنەز ئەر ـ خوتۇن ئۇلارنى ئوۋغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. كەچتە كىنەز چېدىر ئىچىگە مول داستىخان راسلىدى. تاماق يەپ بولۇپ، ئۇلار چېدىردىن چىقىشتى. بۇ چاغدا غۇۋا ئاي نۇرى يەر يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى، بىردىنلا ئورمانلىق ئەتراپىنى ئوت يورۇقى ئاپئاق يورۇتۇۋەتتى، تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇرغا ئاۋازلىرى ياڭراپ، بەئەينى زور بىر ئاتلىق قوشۇن چېگرىدىن ئۆتۈۋاتقاندەك مەنزىرە شەكىللەندى. كۆپچىلىك دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە بۇرغا سادالىرى توختاپ، ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. شۇ ئەسنادا بىر ئالۋاستى مەكتۇپ ئېلىپ كەلدى:

— مەن ئالۋاستى بولىمەن، رىتسار دونكىخوت دېگەننى ئىزدەپ كەلدىم، مەن بىلەن ئالتە توپ سېھىرگەر بىللە كېلىۋاتىدۇ، هارۋىدا جاهاندا تەڭدىشى يوق گۈزەل دولسىنېيە مەلىكە بار، ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىۋاپتۇ، هازىر فرانسۇز باتۇرى مونتېسنوس بىلەن بىللە دونكىخوتقا قانداق قىلغاندا ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان جىننى قوغلىۋەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغىلى كېلىۋاتىدۇ.

ئارقىدىنلا قىيا ـ چىيا قىلىشقان ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالدى، توپ ـ زەمبىرەك ۋە مىلتىق ئاۋازلىرى ياڭراپ، بىر زەپەر هارۋىسى چىقىپ كەلدى، هارۋىدا دولسىنېيە

قىياپىتىدە ياسانغان بىر بالا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر سېھىرگەر بار ئىدى.

سېھىرگەر ئۇلارغا دولسىنېيەگە چاپلاشقان جىننى قوغلىۋېتىش ئۇچۇن سانچو ئىشتىنىنى سىلىۋېتىپ، كا-سىسىنى چىقىرىپ، ئۆز كاسىسىغا ئۆزى ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ، مېنىڭ كاسام بىلەن جىن قوغلاشنىڭ نېمە ئالاقىسى بولسۇن! — دېدى سانچو كەسكىن رەت قىلىپ.

دونكىخوت سانچونى سەھرالىق تومپاي دەپ تىللىدى، دولسىنېيە ئۇنى تاش يۈرەك دەپ تىللىدى، كىنەز ئۇنى رەھىم-شەپقەتنى بىلمەيدىغان دەپ ئەيىبلىدى ۋە «رە-ھىمسىز ئادەم ۋالىي بولالمايدۇ» دېگەننى قوشۇپ قويدى. ئامالسىز قالغان سانچو غۇدۇراپ-قاقشاپ ئاخىر كۆندى.

كېيىنكى كۈنلەردە كىنەز ئەر-خوتۇن خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دونكىخوت بىلەن سانچونى ئۆز-لۈكسىز كولدۇرلىتىپ قانغۇچە كۆڭلىنى خۇش قى-لىشتى.

## سانچونىڭ ۋالىي بولۇشى

كىنەز ئەر-خوتۇنلار دونكىخوت بىلەن سانچونى

كولدۇرلىتىپ، كۆڭلىنى راسا خۇش قىلىشتى، شۇنداقلا بۇ ئويۇننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلىشتى.

— مېنىڭ بىر ياخشى خوجايىنىم بار، ئۇ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرسە، مەنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەن. ئۇ پادىشاھ بولسا، مەنمۇ دېڭىز ئارىلىغا ۋالىي بولىمەن، — دېگەندى سانچو كىنەز ئەر - خوتۇنلارغا بىر كۈنى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سانچونى دېڭىز ئارىلىغا ۋالىي قىلماقچى بولۇشتى. ئۇلار يەنە ھەممە پىلانلارنى تۈزۈپ، ئۆيدىكىلەرگە ۋە يەرلىك ئاھالىلەرگە سانچونى قانداق كولدۇرلىتىشنى ئۆگەتتى.

ئەتىسى سانچو يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا تەييارلاندى.

دونكىخوت سانچوغا نەسىھەت قىلىپ، مۇنۇلارنى جېكىلىدى:

— بىرىنچىدىن، پەرۋەردىگاردىن قورق، «پەرۋەردىگاردىن قورققان ئەقىل تاپىدۇ». ئىككىنچىدىن، ئۆزۈڭنى سورا، ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورىيالايدۇ. شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئالىيجاناب پەزىلەتنى شەرەپ دەپ بىل، تۇغما ئالىي نەسەبلىكلەرگە ھەۋەس قىلىپ يۈرمە. نەسەب تۇغما بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ قىممىتى بولىدۇ، نەسەبنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. سەن بايلارنىڭ سۆزلىرىنى

ئاڭلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالساڭ بولمايدۇ، تېخىمۇ مۇ-
ھىمى يوقسۇللارنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈش كېرەك.
ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە تەڭرى يار ـ يۆلەك بولىدۇ،
مىجەز ـ خۇلق ياخشى بولمىسا، قورساقتا ئۇماچ بولغان
بىلەنمۇ ھېچقانچە قىممىتى بولمايدۇ.

كىنەز ئەر ـ خوتۇنلار ئۆزلىرىگە قاراشلىق كىچىك
شەھەرنى دېڭىز ئارىلى دەپ ئاتاپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېي-
يىن سانچوغا بىر توپ ئادەمنى قوشۇپ ۋالىيلىققا ئولتۇ-
رۇشقا ئەۋەتتى، سانچوغا يەنە ئۆزلىرىنىڭ باش غوجىدارىنى
ھەمراھ قىلىپ يولغا سالدى.

سانچو ئۆز ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىرەر مىڭچە
ئاھالىسى بار بىر كىچىك شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر
دەرۋازىسىغا كەلگەندە شەھەردىكى بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ
ھەممىسى قارشى ئېلىشقا چىقىشتى، شەھەردە قوڭغۇراق
ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا شەھەر ئاھالىلىرى يولنىڭ ئىك-
كى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئېلىشتى. كىشىلەر ئۇنى ئورد-
ۋېلىشقانچە ئاپىرىپ ۋالىيلىق كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇشتى.

سانچونىڭ ۋالىيلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن
بېجىرگەن تۇنجى دېلوسى ئېلىم ـ بېرىم ماجىراسىدىن
ئىبارەت مۇرەككەپ بىر دېلو بولدى.

سانچونىڭ ئالدىغا ئىككى بوۋاي كىرىپ كەلدى،
ئۇلارنىڭ بىرسى ھاسا تايىنىۋالغان، يەنە بىرسى ھاسىسىز

ئىدى. ھاسىسىز بوۋاي ئۆزىنىڭ ھاسىلىق بوۋايغا ئۇن ئال-
تۇن ئېسكۇدو قەرز بەرگەنلىكىنى، لېكىن ئۇ بوۋاينىڭ
ئۆزى بەرگەن قەرزنى قايتۇرماي تۇرۇپ، قايتۇردۇم دەپ تۇ-
رۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى قەسەم ئىچكۈزۈپ بېرىشنى
تەلەپ قىلدى.

— ۋالىي جانابلىرى، ئۇنىڭدىن ئون ئېسكۇدو قەرز
ئالغىنىم راست، بىراق قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇ قەرزنى
ئاللىقاچان پاك ـ پاكىز قايتۇرۇپ بولغان، — دېدى ھاسا
تايىنىۋالغان بوۋاي.

ئۇ قومۇش ھاسىسىنى تۇتۇپ قەسەم بېرىشنى ئەپسىز
ھېس قىلىپ قالدى بولغاي، ئۇنى ھېلىقى بوۋايغا تۇتقۇز-
دى ـ دە، ۋالىينىڭ زاكون تايىقىنىڭ ئۇچىدىكى كرېستنى
تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلدى:

— مەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، قەرز ئالغان پۇلنى
ئۆز قولۇم بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بولغانمەن، — بوۋاي
سۆزىنى تۈگىتىپ قومۇش ھاسىسىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ ئىككىيلەن سوراقخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان
چاغدا، سانچو ھاسىلىق بوۋاينى قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى:

— قومۇش ھاسىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، ئەپەندىم.

سانچو بوۋاينىڭ ھاسىسىنى ئېلىپ دەۋاگەرگە بەر-
دى ـ دە:

— قەرز بەرگەن پۇلىڭىز ئەمدى قولىڭىزغا قايتۇ-

رۆلدى ئەپەندىم، — دېدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قومۇش ھاسىنى يارغۇزۇۋىدى، دېگەندەكلا ئۇنىڭ ئىچىدىن ئون ئالتۇن ئېسكۇدو چىقتى. بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇشقان كۆپچىلىك سانچودىن قانداق بىلىپ قالغانلىقىنى سورىدى.

ھاسىلىق بوۋاي ھاسىنى دەۋاگەرگە بېرىپ بولۇپ ئاندىن قەسەم قىلدى، ئۇنىڭ ھاسىنى بەرگىنى پۇلنى بەرگىنى، قەسەم قىلىپ بولۇپ يەنە قومۇش ھاسىنى قايتۇرۇۋالدى، شۇنىڭدىن مەن ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم، — دېدى سانچو.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى دېلوغىمۇ سانچو بىمالال تاقابىل تۇرۇپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. نەق مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئاپىرىن ئېيتىشتى.

سانچو دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەمراھلىقىدا تاماقخانىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچۈن مول نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان ھازىرلانغانىدى، بىراق سانچونىڭ يېنىدا تۇرغان خاس تېۋىپ سانچو ئەمدى بىر تاۋاققا قول ئۇزۇتۇشىغىلا ھاسىسى بىلەن تاۋاققا نوقۇپ قويۇۋىدى، چاكارلار ئۇچقاندەك كېلىپ تاۋاقنى ئېلىپ كەتتى. ئەنە شۇ تەرىقىدە سانچو قول سۇنغانلىكى تەخسىلەر تېۋىپنىڭ بىر نوقۇپ قويۇشى بىلەنلا كۆزدىن غايىب بولۇۋەردى. تېۋىپ بۇنى ۋالىي

جانابلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىق دەپ چۈ-
شەندۈردى. شۇنداق قىلىپ تېۋىپ بىلەن چاكارلار سانچوغا
ھېچ نەرسە يېگۈزمىدى. بۇ ئىش سانچونىڭ ئوغىسىنى
قايناتتى.

ئەسلىدە بۇ داستىخان سانچونى كولدۇرلىتىپ ئويناش
ئۈچۈن كىنەز تەرىپىدىن ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن.

## سانچونىڭ زەردە بولۇپ ۋالىيلىقتىن ئىستىپا بېرىشى

سانچو نۇرغۇن دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ تا-
ماقخانىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئولتۇرغانلارغا:

— يەرلىك ئەمەلدارنىڭ جىسمىمۇ گۆش بىلەن قان-
دىن پۈتۈلگەن، ئۇۋال قىلىنسا بولمايدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ
سىرتىدا ئەمەس، يەيمەن دېسەم بۇ تېۋىپ بەرمەيمەن دەيدۇ؛
قارىغاندا ئۇ مېنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ، خۇ-
دايىم ئۇنداقلارنىڭ جاجىسىنى بەرگەيسەن! ئەمما ياخشى
تېۋىپلار ھۆرمەتكە سازاۋەر، تارتۇقتا نائىل بولۇشى كې-
رەك، — دېدى.

ئۇ ھەر خىل نازۇ نېمەتلەرنى ئەكەلدۈرۈپ، بەھۇزۇر
يەپ ـ ئىچىپ، بىردەمدىلا داستىخاننى قۇرۇقداپ قويدى.

— ئاشپەز ئۇستامغا رەھمەت! ئۇنى چوقۇم تارتۇقلاي-
مەن. ھېچكىم مېنى كولدۇرلىتىمەن دەپ ئويلىمىسۇن،

كىمدەكىم ماڭا ئۆلۈككە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ مېنىڭ چىشىمغا تېگىدىكەن، كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ! — دەيتتى ئۇ تاماق يەۋېتىپ.

ۋالىيلىقا ئولتۇرغانىنىڭ يەتتىنچى كۈنى كەچتە ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن سانچو كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا ۋارقىراش ـ جارقىراشلار، قوڭغۇراق ئاۋازلىرى، بۇرغا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. قوللىرىدا مەشئەل ۋە شەمشەر تۇتقان يىگىرمە نەچچە كىشى ئۇنىڭ يېنىغا ئۇسۇپ كىرىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— قورالىنىڭ ۋالىي جانابلىرى! — دېدى ئۇلار ۋە كېنەزنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ دېڭىز ئارىلىغا بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ، سانچونىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كىيىپ، ئۆزلىرىگە باش بولۇپ دۈشمەننى چېكىندۇرۇشىنى تەلەپ قىلىشتى.

— بولىدۇ، — دېدى سانچو، — دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى كەلتۈرۈڭلار!

ئۇلار دەررۇ سانچونى بىر كۆڭلەك بىلەنلا قالدۇرۇپ، ئىككى ئېلىپسىمان قالقاننى ئېلىپ كېلىپ، ئالدى ـ كەينىدىن ئۆزئارا ئۇدۇللاپ تانا بىلەن چىڭ تېڭىۋەتتى. سانچو ئىككى قالقاننىڭ ئارىلىقىدا يىكتەك تۈپتۈزلا بولۇپ قالغانىدى، يا ئېگىلەلمەيتتى، يا يول ماڭالمايتتى. ئۇلار

ئۇنىڭغا بىر نەيزە بېرىۋىدى، سانچو ئۇ نەيزىنى پەقەت يە-قىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈنلا ھاسا ئورنىدا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئەمدى بىر قەدەم مېڭىۋىدى، گۇپپىلا قى-لىپ يىقىلىپ چۈشتى، بۇ بىمەنە ئويۇننىڭ ھېلىقى قات-ناشچىلىرى سانچونى يۆلىۋالماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنى دەسسەپ ئۇياقتىن ــ بۇياققا ئۆتۈشۈپ، سانچونىڭ ئالدى ــ كەينىدىكى قالقانلارغا شەمشەر ئۇرۇشقا باشلىدى.

قاتتىق قورقۇپ ۋە چارچاپ ماغدۇرىدىن كەتكەن سانچو كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى ــ دە، ھوشىدىن كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا سانچو ۋالىيلىق ۋەزىـ-پىسىدىن ئىستېپا بەردى. ۋالىي بولدۇم دەپ كۆرەڭلەپ كەتكەن سانچو بۇ قېتىمقى بالايىئاپەتتىن كېيىن، ئەمدى ھەرگىز ۋالىي بولماسلىقنى ئويلىدى.

ــ ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ، مەن تەگرى ھەققىدە قەسەم قىلىمەنكى، مەيلى قەيەردە بولسۇن، ۋالىي-لىق مەنسىپىنى پەتنۇسقا ئېلىپ، قوش قوللاپ ماڭا تۇتۇپ قوبۇل قىل دېيىش مېنى قاناتسىز ئاسمانغا ئۇچۇپ چىق دېگەنلىك بولىدۇ، ــ سانچو شۇنداق دېگىنىچە ئېشىكىگە مىنىپ كېتىپ قالدى.

## دونكىخوتنىڭ قەسىردىكى ئاجايىپ ئىشلىرى

سانچو كەتكەن يەتتە كۈندىن بۇيان، دونكىخوتقا بىر-

دەممۇ ئاراملىق بولمىدى.

سانچو كەتكەن كۈنى دونكىخوتنى قاتتىق غەم باستى. ئۆزى يالغۇز كارىۋىتىدا غەمگە پېتىپ ياتقان دونكىخوتقا گۈلباغدىن بىر قىزنىڭ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. ناخشا مۇھەببەت ناخشىسى بولۇپ، ناخشىدا ساداقەتمەن، باتۇر رىتسار دونكىخوتقا بولغان ئىشق ـ مۇھەببەت ھېسسىياتى ئىزھار قىلىنغانىدى. دونكىخوت خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇ-لۇغ ـ كىچىك تىندى:

— ھەي، مېنى راستلا نەس بېسىپتۇ جۇمۇ! مېنى كۆرسە ئاشىقى بىقارار بولمايدىغان بىرمۇ قىز يوق دېسە، بۇنداق بولغاندا تەڭداشسىز ساھىبجامال دولسىنېيەگە بەكلا ئۇۋال بولىدىغۇ؟! مەن جەزمەن دولسىنېيەگە سادىق بولۇ-شۇم كېرەك، ھېچكىم مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ.

ئۇ شۇلارنى ئويلىدى ـ دە، پەنجىرىنى گوم قىلىپ ياپ-تى.

ئىككىنچى كۈنى كەچتە ناخشىچى قىز يەنە كەلدى، دونكىخوت ئۆز ناخشىسى بىلەن ئۇ قىزنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز دەھلىزگە يۈزچە قوڭغۇراق چىگىلگەن بىر ئارغامچا ساڭگىلاپ چۈشتى، ئارقىدىنلا قۇيرۇقلىرىغا كىچىك قوڭغۇراقلار باغلانغان بىر تاغار مۈشۈك تۆكۈلدى. قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن مۈشۈكنىڭ مىياۋلىغان ئاۋازى قوشۇلۇپ ئۆينى بىر ئالدى.

قورقۇپ كەتكەن دونكىخوتنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى تىتـ-
رەك باستى. شۇ ئەسنادا ئىككى - ئۈچ مۈشۈك دونكىخوت-
نىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى - دە، ئۇ ياندىن - بۇ يانغا
يۈگۈرۈشۈپ، ھۇجرىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى. ھۇجرا
ھەش - پەش دېگۈچىلا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسىغىلا
ئوخشاپ قالدى. بۇنى كۆرگەن دونكىخوت:

— ھۇ، زەھەرخەندە جادۇگەرلەر، چاپسان بۇ يەردىن
يوقىلىش، ماڭا زىيانكەشلىك قىلىمەن دەپ خام خىيال
قىلىشما! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە شەمشىرىنى چىقىرىپ
مۈشۈكلەرگە قارىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

دونكىخوت تەرىپىدىن قىستاپ بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ
قويۇلغان بىر مۈشۈك دونكىخوتنىڭ يۈزىگە چاڭ سېلىپ،
يۈز - كۆزلىرىنى مورلاپ تاتىلاشقا باشلىدى. ئاغرىققا چىد-
دىيالمىغان دونكىخوت ئاللا - توۋا سېلىپ كەتتى.

بۇ بىر مەيدان ئويۇننى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كې-
يىن، كىنەز ئەر - خوتۇنلار دونكىخوتنىڭ يۈز - كۆزلىرى-
نىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغانلىقىنى، بۇرنىنىڭمۇ ساق
قالمىغانلىقىنى بايقاشتى.

بۇ ئىش دونكىخوتقا قاتتىق ئەلەم قىلدى، ئۇ ئاچچىق
يۇتۇپ، زەردىگۈش بولۇپ تالا - تۈزگە چىقماي ھۇجرىسىدا
بەش كۈن يېتىپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇ يەنە بىر ئاجايىپ
ئىشقا يولۇقتى.

بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلى-يالماي ياتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا كىنەز خانىمنىڭ تولىمۇ ئې-غىر ـ بېسىق ئاغىچا ئانىسى ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كى-رىپ قالدى.

ئەسلىدە ئاغىچا ئانىنىڭ قىزىنى بىر كاتتا باي دېھ-قاننىڭ ئوغلى ئالداپ ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن تاشلىۋەتكەنىكەن. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئاغىچا ئانا كىنەزگە ئەرز ـ داد ئېيتقان بولسىمۇ، كىنەزنىڭ كارى بولماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دونكىخوتتىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— بىزگە ئادىللىق قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن رىتسار جانابلىرى، — دېدى ئاغىچا ئانا.

كىنەز ئەر ـ خوتۇنلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دونكىخوت بىلەن باي دېھقاننىڭ ئوغلىنى دۇئېلغا سالماقچى بولدى.

دونكىخوتمۇ رىتسارلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۇ هارام-زادە بىلەن دۇئېلغا چۈشىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ هارامزادە گېپىدە تۇرماي، ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ شۇئانلا بىر پاي پەلىيىنى سېلىپ زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۆرۈۋەتتى، بۇ جەڭ ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. كىنەز پە-لەيىنى ئېلىپ قارشى تەرەپكە ۋاكالىتەن جەڭنى قوبۇل

قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئالته كۈندىن كېيىن قەسىر ئال-
دىدىكى مەيداندا ئىككىيلەن دۇئېلغا چۈشىدىغان بولدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باي دېھقانىنىڭ ئوغلى قېچىپ
كەتتى، كىنەز بىر چاكار بالىنى ئۇنىڭ ئورنىدا دۇئېلغا
چۈشۈشكە بۇيرۇدى، مۇناسىۋەتلىك ئىشلار كىنەز ئەر ـ
خوتۇن تەرىپىدىن كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

* * *

سانچو ئۆز كۆڭلىدىكى دېگىنى ئارىلىدىن ئايرىلىپ،
كىنەز قەسرىگە قاراپ راۋان بولدى. كەچ كىرىپ قالغان
بولغاچقا، ئۇ پاناھلانغۇدەك بىر جاي تېپىپ ئارام ئېلىپ،
تاڭ ئاتقاندا سەپەرنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى، ئويلىمىغان
يەردىن ئۇ بىر خارابىلىككە كىرىپ قالدى ـ دە، ھايال ئۆت-
مەيلا ئېشىكى بىلەن چوڭقۇر بىر ئورەككە چۈشۈپ كەتتى.

ئەمدى دونكىخوتقا كېلەيلى. دۇئېلغا چىقىدىغان كۈن-
نىڭ ئالدىنقى كۈنى دونكىخوت تاڭ سەھەردىلا مەشىقنى
باشلىۋەتتى، ئۇ ئېتىنى مىنىپ ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ بىر
ئورەكنىڭ لېۋىگە كېلىپ توختاپ قالدى. ناۋادا ئۇ ئاتنىڭ
تىزگىنىنى قاتتىق تارتمىغان بولسا، ئات بىلەن قوشۇلۇپلا
ئورەككە موللاق ئاتقان بولار ئىدى. ئۇ ھەرھالدا ئاتنى توخ-
تىتىپ ئۆلگۈردى. ئۇ ئورەككە شۇنداق ئېگىلىپ قاراپلا

ھالڭ ــ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇرەكتە سانچو توختىماستىن نالە ــ زار قىلىۋاتاتتى.

ئۇ ئىككىسى بىر ــ بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ تولىمۇ خۇرسەن بولۇشتى، بىراق ئورەك ئىككى گەز چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، دونكىخوتنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا دونكىخوت سانچوغا:

— ئەي بۇرادىرىم سانچو، سەن توختاپ تۇرغىن، مەن سېنى قۇتقۇزىدىغانغا ئادەم ئەكىلەي، — دېدى.

دونكىخوت قەسىرگە قايتىپ ئادەم باشلاپ كېلىپ، سانچو بىلەن ئېشەكنى بىر يولىلا قۇتقۇزۇپ چىقتى.

كىنەز ئەر ــ خوتۇنلار سانچونى قەسىردە ساقلاپ تۇرۇشقانىدى، ئۇلار سانچونى كۆرۈپ ئۇنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ نەپ تېگىدىغان ئەمەلنى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. كىنەز خانىم ئۆيىدىكىلەرگە سانچونىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى جېكىلىدى.

*  *  *

دۈئېل بولىدىغان كۈنى قەسىر ئالدىغا چوڭ بىر سۇپا ياسالدى، مىڭلارچە كىشى تاماشا كۆرگىلى كېلىشتى.

چاكار بالا بۇرغا سادالىرى ئىچىدە مەيدانغا كىردى. ئۇ

بەستلىك گەۋدىسىگە پارقىراپ تۇرىدىغان تۆمۈر ساۋۇت، بېشىغا پارقىراق دۇبۇلغا كىيىۋالغان، ئارغىماق مىنىۋالغانىدى.

شۇ ئەسنادا دۇمباق ـ بۇرغىلار تەڭلا چېلىندى، ئۇلارنىڭ سادالىرى يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالدى.

دونكىخوت پەرۋەردىگارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، دولسىنېيەدىن مەدەت تىلىدى. ئاغىچا ئانىنىڭ قىزىغا مەپتۇن بولۇپ قالغان چاكار بالا بولسا كۆڭلىنى بىر يەردە توختىتالماي قالدى.

بۇرغا چېلىنىش بىلەن تەڭلا دونكىخوت ئېتىنى دېۋىتىپ ئېتىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، بىراق چاكار بالا جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويماي تۇرۇۋېلىپ، دۇئېل باشقۇرغۇچىنى چاقىردى. باشقۇرغۇچى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، چاكار بالا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— تەقسىر، بۇ دۇئېل مېنىڭ ئاۋۇ قىز بىلەن توي قىلىش ـ قىلماسلىقىمنى بەلگىلەش ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— دۇرۇس، — دېدى باشقۇرغۇچى جاۋابەن.

— ئۇنداقتا بوپتۇ، ناۋادا راستلا ئۇرۇشۇپ قالسام گۇناھىم ئېغىرلىشىپ، ۋىجدان ئازابىغا قالغۇدەكمەن، شۇڭا يېڭىلگەن بولاي، ئۇ قىزنى ئەمرىمگە ئېلىشقا رازىمەن!— دېدى چاكار بالا.

بۇنىڭغا كىنەز قوشۇلمىدى، بىراق چاكار بالا ئۇتتۇر-دۇم دەپ چىلىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇ دۇبۇلغىسىنى ئېلىشقىلا:

— قىپقىزىللا ساختىپەزلىكقۇ بۇ! — دەپ ۋارقىراشىپ كەتتى ئاغىچا ئانا بىلەن قىزى.

دونكىخوت بۇنى سېھىرگەرنىڭ ئويىنىغان ئويۇنى دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن كىنەز ئالدى بىلەن چاكار بالىنى يېرىم ئاي قاماپ قويايلى، بەلكىم يېرىم ئايلاردىن كېيىن ئۇ ئەسلىگە قايتىپ قالار، قالغىنىغا شۇ چاغدا بىرنەرسە دەيلى، دېگەن تەكلىپنى بەردى.

— مەن چاكار بالىنىڭ رەسمىي خوتۇنى بولۇشقا را-زىمەنكى، مۆتىۋەرلەر ئەخمەق قىلىپ ئويناپدىغان ئايال بو-لۇشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى كولدۇرلاتقىنى ھېچقانداق مۆتىۋەر ئەمەس تۇرسا، — دېدى ئاغىچا ئانىنىڭ قىزى چاكار بالىغا تېگىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

شۇنداق قىلىپ، دۇئېل دونكىخوتنىڭ جەڭ قىلماي ئېرىشكەن غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە دونكىخوت دۇبۇلغا - سا-ۋۇتلىرىنى كىيىپ، قوراللىرىنى ئېسىپ، قەسىر ئالدىدى-كى مەيدانغا يېتىپ كەلدى، پۈتۈن قەسىردىكىلەر ئۇلارنى ئۇزىتىشتى، كىنەز ئەر - خوتۇنلارمۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقتى.

خوجايىن بىلەن مالاي ئىككىيلەن كىنەز قەسرىدىن

ئايرىلىپ ساراگوساغا قاراپ يول ئالدى.

## سەپەر ئۈستىدىكى تاساددىپىي ئۇچرىشىش

ئۈستۈشىنى چاڭ ـ توزان باسقان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن خوجايىن بىلەن مالاي ئىككىسى توختاپ دىمىنى ئالغاچ ئازراق بىرنەرسە يەپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىشتى، ئۇلار يولغا چىققاندا كەچ كىرىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار بىر سارايىنى ئىزدەپ تېپىشتى.

سارايدا تاماق يەۋاتقان چېغىدا، تام قوشنا ئۆيدىكى ئىككى كىشىنىڭ پارىڭى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى:

— تاماق تەييار بولغۇچە، «دونكىخوت» نىڭ ئىككىنىچى بۆلۈمىدىن يەنە بىر باب ئوقۇيلىچۇ!

— ساڭىمۇ ئايان، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنى ئوقۇغانلارغا ئىككىنچى بۆلۈمىنى ئوقۇش بەك بىمەنە تۇيۇلىدۇ، ھەممىسىلا يوقىلاڭ گەپلەر، ئۇنى ئوقۇپ نېمە قىلىمىز؟

— مېنىڭ زەردەمنى قايىنىتىدىغان يېرى، دونكىخوتنىڭ دولسىنېيەنى تاشلىۋەتكەنلىكى ....

دونكىخوت ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى:

— كىم شۇنداق دەيدىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن جان تى-كىپ ئېلىشىمەن!

— بىزگە گەپ قىلىۋاتقان كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى تام قوشنا ئۆيدىكى كىشى.

— دونكىخوت بولماي كىم بولماقچىدى! — دېدى سانچو جاۋابەن.

ئىككى مۆتىۋەر دونكىخوتنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېلىشتى ۋە كۆز ئالدىدىكى ھەقىقىي دونكىخوتنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇشتى. ئەسلىدە ئۇلار ئىككىسىلا دونكى-خوتنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىدىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھەمداستىخان بولۇشتى.

گەپ ئارىلىقىدا دونكىخوت كىتابتا سانچو بىلەن ئۇ-زىنىڭ ساراگوساغا بارىدىغانلىقى يېزىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، قارارىنى ئۆزگەرتىپ بارسېلوناغا بارماقچى بولدى، ھەمدە شۇ ئارقىلىق «دونكىخوت» ناملىق كىتاب ئاپتورىنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلىماقچى بولدى. يەنە كېلىپ بارسېلونادىمۇ ئەلەم ماھارىتى مۇسابىقىسى بولاتتى.

## يول ئۈستىدە «يورۇق ئاي رىتسارى» بىلەن ئۇچرىشىش


دونكىخوت بىلەن سانچو بارسېلونا شەھىرىگە يېتىپ

كېلىشتى، پۈتۈن شەھەردىكىلەر دېگۈدەك بۇ داڭلىق رىتـ-
سارنى تونۇپ كەتتى.

بىر كۈنى سەھەردە، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيگەن
دونكىخوت دېڭىز بويىدا سەيلە قىلىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇتلا
بىر رىتسارنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قالدى. ئۇ رىتسارمۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ
قالقىنىغا يوپيورۇق بىر ئاي سىزىلغانىدى. ئۇ ئادەم دونـ-
كىخوتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ «يورۇق ئاي
رىتسارى» ئىكەنلىكىنى، ئۆز مەشۇقى ئۈچۈن دونكىخوت
بىلەن كۈچ سىنىشىش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلگەنلىكىنى
ئېيتتى ۋە دونكىخوتتىن دولسىنېيەنىڭ ئۆز مەشۇقىدەك
چىرايلىق ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.
دونكىخوت ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولدى.

كۈچ سىنىشىشنىڭ شەرتى مۇنداق بولدى: «يورۇق ئاي
رىتسارى» يېڭىلسا، دونكىخوت يۇرتىغا قايتىپ ئۆيدە
بىر يىلغىچە شەمشەرنىڭ يېنىغا يېقىن يولىمايدىغان؛ ناـ-
ۋادا «يورۇق ئاي رىتسارى» ئۇتتۇرسا، كاللىسىنى دونكىـ-
خوتنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىدىغان بولدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن ۋالىي ئۇلاـ-
رنىڭ كۈچ سىنىشىشىغا دۇئېل بولمىغاندىكىن مەيلى دەپ
قوشۇلدى. كۈچ سىنىشىش باشلىنىشى بىلەن تەڭلا «يوـ-
رۇق ئاي رىتسارى» ئېتىنى شىددەت بىلەن چاپتۇرۇپ



كېلىپ، دونكىخوتنى ئات بىلەن قوشۇپلا سوقۇپ يىقىتىـ ۋەتتى. يەرگە قاتتىق چۈشۈپ كەتكەن دونكىخوتنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىدىغۇسىز ئاغرىپ، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قا- راڭغۇلىشىپ كەتتى ـ دە، قورالىنى تاشلاپ يېڭىلگىنىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

«يورۇق ئاي رىتسارى» ئەسلىدە باشقا بىرسى ئەمەس، بەلكى سامسون موللام بولۇپ، بۇ دورەمۇ دونكىخوتنى بابلاپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگە- نىدى.

## دونكىخوتنىڭ يۇرتىغا قايتىشى

دونكىخوتنىڭ يېڭىلىپ قېلىشى گەرچە ئۇنىڭ ئو- غىسىنى قاينىتىپ، غەزىپىنى ئۆرلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كېلىشكەن شەرت بويىچە رىتسارلىق يولىنى تەرك ئېتىپ يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق جىن چاپلاشقان دولسىنېيەنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، سانچونىڭ ئۆزىنى قام- چىغا تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى دونكىخوت زادىلا ئۇنتۇيال- مايتتى.

ئىككىيلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاخىر ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتى.

دونكىخوت ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قى- زىتمىسى ئۆرلەپ، ئالتە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى يوقلاپ

كېلىشتى، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغانغا يەنە تېۋىپمۇ تەكلىپ قىلىشتى، بىراق ئۇ يەنىلا كارىۋاتتىن چۈشەلمىدى.

بىر كۈنى، ئۇ ھوشىغا كېلىپلا تۇيۇقسىز ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئى، ھەممىگە قادىر تەڭرىم! مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن. مەن ئىلگىرى رىتسارلىق ھەققىدىكى رومانلارنى كېچە- كۈندۈز باش كۆتۈرمەي ئوقۇپ ئەقلى- ھوشۇمدىن ئېزىپتىمەن، ئەمدىلىكتە مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا يالغان- ياۋىداق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مانا ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق ئولتۇرۇپتىمەن. كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئىلھام- مەدەت بېرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرىنىنى تولدۇراي دېسەممۇ كېچىكىپتىمەن. مەن گەرچە ئالجىغان بولساممۇ، ئالجىغان پېتى ئۆلۈپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. مەن توۋا- ئىستىغپار ئوقۇيمەن، ۋەسىيەتنامە پۈتۈپ قالدۇرىمەن! — ئۇ جىيەن قىزىغا قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، — قىزىم، سىز بېرىپ پوپنى، سامسون موللامنى، نىكولاس ئۇستامنى چاقىرىپ كېلىڭ!

دەل شۇ ئەسنادا ئۇ ئۈچەيلەن ئۆزلىرىلا يېتىپ كېلىشتى. دونكىخوت ئۇلارغا:

— ھۆرمەتلىك جانابلار، مەن ھازىر دونكىخوت ئەمەس، بەلكى ئاق كۆڭۈل ئالانسو كېخانو مەن. مەن ھازىر رىتسارلىق ھەققىدىكى تېتىقسىز رومانلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا

تولىمۇ يىرگىنىچلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ئۇلار-دىن ئۆلگۈدەك بىزارمەن، — دېدى.

ئۇ ئۆز ۋەسىيەتنامىسىدا ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتكارى ۋە قەدىناس دوستى سانچوغا بىر ئۇلۇش پۇل قالدۇرغانلى-قىنى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر تۇغقىنى ۋە مال - مۈلكىنىڭ مىراسخورى بولمىش جىيەن قىزىنىڭ رىتسارلار ھەققى-دىكى رومانلارنى زادىلا ئوقۇپ باقمىغان بىرسىگە ياتلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆزى قالدۇر-غان مىراسلارغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، دونكىخوت ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ھەسرەت - نادامەتتە قالدۇرۇپ بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئۇنىڭ روھى ئازادلىققا ئېرىشكەن ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلغاندەك:

ئۇ ئالەمدىكى بۇ كىشى،
تەڭداشسىز باتۇر ئىدى.
زالىملاردىن قورقمايتتى،
ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايتتى.
كىم ئۇنى ئەخمەق دېگەن،
ئۇ زور تۆھپە ياراتقان.
مەردۇ - مەردانىلىكتە،
ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرغان.
ھاياتىدا كۆپ ئېزىپ،
ئۆلەردە ئەقلىنى تاپقان.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«دونكىخوت» دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ ئۇ ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تونۇشلىرى خىلمۇخىل بولۇپ كەلدى. گەرچە سېرۋانتېسنىڭ مەزكۇر روماننى يېزىشتىكى مەقسىتى قارىماققا «كىشىلەرنى بىمەنە رىتسارلىق ھېكايىلىرىدىن يىرگەندۈرۈش» ھەمدە «رىتسارلىق ھېكايىلىرىدەك مۇشۇنداق بىر نېمىنى ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن پاك ـ پاكىز چىقىرىپ تاشلاش»تىن ئىبارەتتەك قىلىسىمۇ، شۇنداقلا «دونكىخوت» نەشردىن چىققاندىن كېيىن رىتسارلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر راستتىنلا مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا كۆزدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىزچە، سېرۋانتېسنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى ئۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك، يەنە كېلىپ ئەسەر ھاسىل قىلغان ئوبيېكتىپ ئۈنۈمىمۇ يالغۇز رىتسارلىق ھېكايىلىرىنى تازىلاشتىنلا ئىبارەت بولغىنى يوق، ئەسەردە كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە مول ئىدىيىلەر نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىز «دونكىخوت» بارلىققا كەلگەن تارىخىي ۋە رېئال شەرت ـ شارائىتلارنى، شۇنداقلا يەنە

ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇغان چېغىدا ھاسىل قىلىدىغان يېڭىچە چۈشەنچىلىرىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

سېرۋانتېس پۇختا ئەدەبىيات ئاساسىغا ئىگە بولغان، ئىسپانىيە ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەدىب. ئۇ لاتىن يېزىقىدىكى كلاسسىك ھېكايىلەر، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى، ئىسپانىيە خەلق قوشاقلىرى، سەرگۈزەشتە ھېكايىلىرى، يېزا ـ قىشلاق ھېكايىلىرى، سەرگەردانلىق ھېكايىلىرى ۋە رىتسارلىق ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى سىنىپ ـ قاتلاملىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن جەمئىيەت رېئاللىقىنى سۈرەتلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز رومانىدا 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. روماندا ئوخشاش بولمىغان كەسىپ ۋە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى تەخمىنەن 700 پېرسوناژنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوقسۇل دېھقانلارمۇ، پادىچىلارمۇ بار، ئېسىلزادە ئاقسۆڭەكلەرمۇ، پومېشچىكلارمۇ بار؛ ھەر خىل سالاھىيەتتىكى دىنىي خادىملارمۇ، سودىگەرلەرمۇ، ئەسكەرلەرمۇ، ئارتىسلارمۇ، قاراقچىلارمۇ، مەھبۇسلارمۇ، سەنئەتچىلەرمۇ، پاھىشىلەرمۇ بار. روماندا ئىسپانىيە

جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى گېرتسوگلارنىڭ ھەشەمەتلىك قورغان ـ قەلئەلىرىدىن چەت ئۆلكىلەردىكى ئەسكى دۇكانلارغىچە، نامرات يېزىلاردىن خارابلاشقان شەھەرلەرگىچە، چۆللىشىپ كەتكەن تۇزلەڭلىكلەردىن قاغجىراپ قالغان تاغلىق رايونلارغىچە — ئەتراپلىق تەسۋىرلەنگەن، ئۆز دەۋرىدىكى ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەھۋاللىرى كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، قاراڭغۇ زۇلمەتكە ۋە تەڭسىزلىككە تولغان ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئېچىپ بېرىلگەن. بىر پارچە روماندا دەۋرنى، رېئاللىقنى ئاشۇنداق كەڭ ۋە تەسىرلىك كارتىنىلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنى سېرۋانتېسنىڭ كەشپىياتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

سېرۋانتېس پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئىنچىكە، قاتلاملىرى ئېنىق بولۇشىغا، چوڭقۇر مەنىلىك تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ باش قەھرىمان دونكىخوت ئوبرازىنى كۆپ قاتلاملىق مەنىلەرگە ئىگە قىلىپ، بۇ جاھانكەزدى رىتسارنى ئىچكى دۇنياسى ھېسسىياتقا باي، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار بىلەن تولغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە جەملىگەن

تېپىك ئوبرازغا ئايلاندۇرغان.

ئاپتور ئۇچىغا چىققان تەلۋە دونكىخوتنىڭ سەرگۈ-زەشتلىرى ئارقىلىق، جاھانكەزدى رىتسارلارنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى سىزىپ بېرىدۇ، كىشىلەرگە رىتسارلىق ھېكا-يىلىرىنى ئوقۇشنىڭ قانداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەرنى ئې-لىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. دونكىخوت شامال تۈگ-مىنى ئىككەيلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئۇچ باش-لىق، ئالتە قوللۇق گىگانت مەخلۇق دەپ قاراپ، ئات چاپ-تۇرۇپ، نەيزە ئويىنىتىپ پىداكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلى-نىدۇ، نەتىجىدە، بىردەمدىلا يەر چىشلەپ مىدىر-سىدىر قىلالماي قالىدۇ. ئۇ يەنە قوي پادىسىنى ھەيۋەتلىك جىن-ئالۋاستىلار قوشۇنى دەپ ئاتاكىغا ئۆتىدۇ، ئافرىقا شىرىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ، قىزىل ھاراق قاچىلانغان كۆپىنى دۈش-مەننىڭ بېشى دەۋالىدۇ.... ئەجەبا بۇلارنىڭ ھەممىسى قىپ-قىزىل ساراڭلىق ئەمەسمۇ؟ رىتسارلىق ھېكايىلىرىنىڭ تەسىرىدە بىمەنىلىشىپ، تولىمۇ كۈلكىلىك تۈسكە كىر-گەن بۇنداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئاپتور دونكىخوت ئوب-رازىغا سىڭدۇرگەن ئەڭ بىۋاسىتە مەنىدۇر. بۇنداق كىنايە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتور دونكىخوت ئوبرازىغا ئۆزىنىڭ جىمىكى گۈزەل ھېس-تۇيغۇلىرىنى سىڭدۇر-گەن. كىشىلەرنى ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرىدىغان بىر قاتار كۈلكىلىك ئىشلارنىڭ كەينىدىن كىشىلەر

دونكىخوتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل ئالىيجاناب پەزىلەتنى كۆرۈۋالايدۇ، ئۇ قاراقچىلارنى يوقىتىپ، ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ، ھەققانىيەتنى قوغدايدۇ، يامانلىقتا نەپرەتلىنىدۇ، جاھاننىڭ ئادالىتى ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇنىڭ قوي پادىسىغا قاراپ نەرە تارتىشى، ھاراق قاچىلانغان كۆپنى پاچاقلىشى، شامال تۈگمەنى بىلەن ئېلىشىشى... قاتارلىقلار گەرچە تولىمۇ كۈلكىلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتىكى رەزىل كۈچلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ رىتسارلىق بۇرچىمۇ دېموكراتىيە، ئەركىن-لىك ۋە باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ناھايىتى روشەنكى، سېرۋانتېسنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى دونكىخوت-تىن ئىبارەت بۇ رىتسار ئوتتۇرا ئەسىردىكى رىتسارلاردىن ئەمەس، بەلكى گۈزەل غايە ئۈچۈن كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتىشتىن قورقماي كۈرەش قىلىدىغان باتۇر جەڭچى ئى-دى. دونكىخوتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئەركىنلىك، گۈ-زەل ئەخلاق، كىشىلىك ئىرادە ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر تولىمۇ ئورۇنلۇق ھەم قايىل قىلارلىق، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كېلەچىكىگە نىسبەتەن قەتئىي تەۋرەنمەس ئېتى-قادقا ئىگە. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىيجاناب ئىدىيىۋى ھېسسىياتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار ئاپتور دونكىخوت ئوبرازىغا

سىڭدۈرگەن چوڭقۇر مەنىلەردۇر.

سېرۋانتېس كۆڭۈل قويۇپ سۈرەتلىگەن يەنە بىر پېرسوناژ دونكىخوتنىڭ مالىيى سانچو پانسادۇر. دونكىخوت بىلەن سانچو پانسا مەيلى تاشقى قىياپەت ياكى ئىچكى خاراكتېر جەھەتتە بولسۇن روشەن سېلىشتۇرمىلىقا ئىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ مىنگەن ئۇلاغلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئىككى كىشىلىك بىرلەشمە تەۋەككۈلچىلىك سەپىرى جەريانىدا، دونكىخوت ئالىيجاناب غايىنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ، بىرق بەزىدە ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ؛ سانچو بولسا ئەمەلىيەتچىل بولۇشىنى ئىستەيدۇيۇ، ئەمما يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. پۈتۈن ئەسەردىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار مانا مۇشۇ بىرى «ئەقىللىق»، بىرى «ھاماقەت» بولغان ئىككى پېرسوناژنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق قانات يايىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە روشەن خاسلىقىمۇ شۇ جەرياندا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلار ئىككىسى يەنە بىر ـ بىرىگە تەتۈر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىپ، تەدرىجىي رەۋىشتە ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىدۇ. سانچو ئاددىي ـ ساددا، ئاق كۆڭۈل، چېچەن، ئۈمىدۋار، ئەمما يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار بىر ئاددىي دېھقان، دونكىخوتقا ھەمراھ بولۇپ جاھان كېزىش جەريانىدا، ئۇ خوجىسىنىڭ گۈزەل غايىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە نەزەر دائىرىسى بارا ـ بارا كېڭىيىدۇ. ئۇ دېڭىز ئارىلىنىڭ

باش ۋالىيلىقىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئىش بېجىرىشتە ئادىل ھەم كەسكىن، مۇھەببەت ـ نەپرەتتە ئېنىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا تەمكىن بولىدۇ. بۇ چاغدىكى سانچونىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىنسانىيەتتە يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك پەرقىنىڭ بولمايدىغانلىقى، ئادەمدە پەقەت گۈزەل پەزىلەت بولسىلا ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلغىلى بولىدىغانلىقىدەك گۇمانىزملىق ئىدىيىنى ئىپادىلەيدۇ. دونكىخوت بىلەن سانچو گەرچە كېلىپ چىقىشى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، بىراق ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. گېرمانىيە شائىرى ھاينې دونكىخوت بىلەن سانچونى بىرلەشتۈرگەندە ئاندىن رومانىنىڭ ھەقىقىي باش قەھرىمانى روياپقا چىقىدۇ، دەپ قارىغانىدى.

«دونكىخوت» رومانىدا، ئاپتور رېئاللىق بىلەن غايە، چىنلىق بىلەن توقۇلما، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ھاماقەتلىك، ئالىيجانابلىق بىلەن بىمەنىلىك، باتۇرلۇق بىلەن توخۇ يۈرەكلىك، سەمىمىيلىك بىلەن ساختىلىق، ئاقىلانىلىك بىلەن تەلۋىلىك قاتارلىق قارىمۇقارشى ئامىللارنىڭ زىددىيەت ـ توقۇنۇشىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، رومانىنىڭ مەزمۇن قاتلاملىرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسەرنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنى

تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلغان.

رومانىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ كۆپ تەرەپلىمە. سېرۋانتېس «كومېدىيە كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەينىكى بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، دونكىخوتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى بىرمۇبىر جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ، 700 گە يېقىن پېرسوناژنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىدا تاشقى قىياپىتىدىن ئىچكى دۇنياسىغىچە، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن قىزىقىش ـ ئىنتىلىشلىرىغىچە جانلىق سۈرەتلەپ بېرىش ئارقىلىق 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ كارتىنىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنى زور بىلىش قىممىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئاپتور ئۆزى ھەم ئىنكار قىلغان، ھەم ھېسداشلىق قىلغان پېرسوناژغا نىسبەتەن كومېدىيىلىك مەسخىرە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىمۇ زور ئۇتۇق قازانغان، دونكىخوتنىڭ ئەبجەق چىقىپ كەتكەن دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن، نەيزە ـ قالقان تۇتقان كۈلكىلىك ھالىتى بەئەينى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سىزىلغان ھەجۋىي رەسىمنىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇ تەرەپمۇ دونكىخوت ئوبرازىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى

سېھرىي كۈچىنى يوقاتماسلىقىدىكى بىر سەۋەب.

سېرۋانتېس ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رېئاللىق بىلەن توقۇلمىنىڭ، ئىجادىيەت بىلەن بەھرىلىنىشنىڭ مۇنا- سىۋىتىگە يېڭىچە نۇقتىئىنەزەردە بولغان ۋە ھازىرقى زا- مان پروزا ئىجادىيىتىگە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. سېرۋانتېستىن ئىلگىرى، ھېكايە بايانچىلى- رى بىلمەيدىغىنى يوق ياكى كۆپنى بىلىدىغان ئاپتورلاردىن ئىبارەت ئىدى، ئەمما «دونكىخوت»تا بايانچى ھېكايە ۋەقە- لىكىنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان بىرقانچە پېرسوناژغا بايان قىلغۇزغان. بايانچى ئەسلىي تەرجىمىھال ئاپتورى ۋە موراردىن بولغان تەرجىماننىڭ بايانلىرىنى رومانغا قىس- تۇرغاندىن سىرت، يەنە لا مانچاۋىنىڭ قىسسىسىنى، تاسا- دىپىيلا ئۇچراپ قالغان بىر قېرى دوختۇرنىڭ يېنىدىن بايقالغان ئىسپان يېزىقىدىكى دونكىخوتقا ئائىت نۇرغۇن ئىشلار خاتىرىلەنگەن قولىيازمىنى، شۇنداقلا دولسىنېيە، سانچو پانسا قاتارلىقلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەرنى رومانغا كىرگۈزگەن. نەتىجىدە، ئاپتور، بايانچى، ئەسلىي كىتاب ئاپتورى، تەرجىمان، يەرلىك قىسسە ۋە ھۆججەت قاتارلىقلار ئارىسىدا كۆپ قاتلاملىق مۇناسىۋەت شەكىل- لەنگەن، بەدىئىي توقۇلما بىلەن رېئاللىق ئارىسىدىكى چېگرا تۇتۇقلاشقان، دېمەك، ئوقۇرمەنلەرمۇ ئۆزلىرى سەز- مىگەن ھالدا ئاپتور كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىگەن سىرلىق

ئوردىغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئەينى چاغدىكى بىر قالتىس يېڭىلىق ئىدى.

تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، ئاپتور «دونكىخوت»تا پېرسوناژلارنى ئەدەبىيات ھەققىدە سۆزلىتىدۇ، ئىككىنچى تومدا بولسا، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنى بىرىنچى توم ۋە ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ھەققىدە، ھەتتا بىرىنچى تومدىكى ئۆزلىرى ھەققىدە سۆزلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك ماسلاشقان، ئوقۇرمەن قىلچە سۇنئىيلىك ھېس قىلمايدۇ. ئاپتور ئىجادىيەت بىلەن رېئاللىقنىڭ چېگرىسىنى تەلتۆكۈس يوق قىلغان بولۇپ، بۇ تەرىپى شېكىسپېرنىڭ «ھاملېت» ناملىق دراممىسىدىكى ئويۇن ئىچىدە ئويۇن قويۇشقا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. سېرۋانتېسنىڭ بۇ خىل يېزىقچىلىق ئۇسۇلى ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «دونكىخوت»نىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ ئىككىنچى بابىدا دونكىخوت بىلەن سانچو ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان قىزىقارلىق پاراڭ ئارىلىقىدا، سانچو دونكىخوتقا ئۆزلىرىنىڭ ھېكايىسىنىڭ كىتاب قىلىپ يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ، بۇ ئىككىيلەن ھەيرانلىق ئىلكىدە يەنە كېيىن كەلگەن سامسۇن موللام بىلەن «دونكىخوت»نىڭ بىرىنچى تومىنىڭ نەشردىن چىققانلىقى ھەققىدە ھەمدە

بۇ تومدىكى ھېكايىلەر ۋە پېرسوناژلار ھەققىدە پاراڭلى- شىدۇ. سامسۇن بۇ رومان ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ تەر- جىمىھال تولىمۇ راۋان، بەكمۇ چۈشىنىشلىك، باللار ۋاراقلاپ ئوقۇيدۇ، يىگىتلەر تەپسىلىي ئوقۇيدۇ، چوڭلار پىششىق ئوقۇيدۇ، قېرىلار باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ ئو- قۇيدۇ، ئىشقىلىپ، ھەر خىل ئادەملەر تەكرار ئوقۇۋېرىپ يادلاپلىۋالىدۇ» دەيدۇ، بۇ سۆزلەر تولىمۇ مەنىلىك بولۇپ، بۇ يەردە ئەسەر بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ۋە بەھرىلىنىشنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش، ئۆزئارا ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلىدىن مەزكۇر كىتابقا بې- رىلگەن باھا سۈپىتىدە ئىپادە قىلىنغان. سامسۇن سانچو بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، «سانچونىڭ سۆزلىرىنى ۋە تەلەپپۇزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلا قالدى، ئۇ گەرچە «دون- كىخوت»نىڭ بىرىنچى تومىنى ئوقۇغان بولسىمۇ، بىراق سانچونىڭ كىتابتا تەسۋىرلەنگەندەك ئۇنداق كۈلكىلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمىگەنىدى». «بۇ قېتىم ئۇ كىتابتا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىشەنچلىك گەپلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى»، ئىككىنچى تومدا دونكىخوت بىلەن سانچو سەپەر جەريانىدا ئۇچراتقان قىز- لارمۇ «دونكىخوت»نى كۆرگەن بولۇپ، ئۇلار داڭدار خوجايىن بىلەن قىزىقچى مالايىنى ئوبدان بىلىشىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۆزئارا باش قوشۇپ

ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇشالايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە رېئاللىق بىلەن توقۇلمىنىڭ چېگرىسى يەنە بىر قېتىم تۇتۇقلىشىدۇ. ئىككىنچى تومدىكى پېرسوناژلار يالغۇز رومانىنىڭ بىرىنچى تومىغا باھا بېرىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئۆزئارا ساختا «دونكىخوت» ھەققىدە سۆزلىشىدۇ، بۇلار ئاپتورنىڭ يېڭىچە ئەدەبىيات قارىشىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتلەرگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

ئاپتور يەنە رېئال جەمئىيەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئېنىقسىزلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەمدە بۇنى ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ھازىرقى زامان پروزا ئىجادىيىتىگە قوشقان بىر چوڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «دونكىخوت»تىكى دونكىخوتنىڭ ئىسمىنىڭ ئۆزىلا كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قوزغايدۇ. بايانچى رومانىنىڭ باشلىنىشىدىلا باش قەھرىمانىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى شەيئىلەرنىڭ ئېنىقسىزلىقى ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ فامىلىسى كىخادا ئىكەن، يەنە بەزىبىر مەلۇماتلاردىن كېيىنسا، ئىكەنلىكى مەلۇم، دېمەك، خاتىرىلەر بىردەك ئەمەسكەن، مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئېھتىمال كىنادا بولۇپ چىقسا كېرەك.» بايانچى بۇ باش قەھرىمانىنىڭ ئۆزىنى دونكىخوت دەپ ئاتىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن

كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئېھتىمال مۇشۇ نۇقتىغا ئا-
ساسەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ھەقىقىي تەرجىمى-
ھالىنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ باشقىلار ئېيت-
قاندەك كەيساندا بولماستىن، بەلكى كىخادا ئىكەنلىكىنى
مۇقىملاشتۇرغان بولسا كېرەك.» بىراق، كىتابنىڭ ئاخى-
رىدا دونكىخوت ساراڭلىقتىن ئەقلى ـ ھوشىغا كېلىپ،
كۆپچىلىككە: «مەن ھازىر دونكىخوت دې لا مانچاۋى ئەمەس،
مەن ئاق كۆڭۈل ئادەم، نامىم «ئاق كۆڭۈل» ئالونسو كىخانو»
دەيدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ يېزا مۆتىۋەرىنىڭ فامىلى-
سىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن
ئىش بولۇپ قالىدۇ.

يەنە بىر گەۋدىلىك مىسال بولسا، بىرىنچى تومنىڭ
21 ـ بابىدا خوجايىن بىلەن مالاي ئىككىيلەننىڭ ئالدى
تەرەپتىن كېلىۋاتقان كىشىنىڭ بېشىدىكىسىنىڭ دۇبۇلغا
ياكى داس ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرىدۇر.
دونكىخوت ھېلىقى كىشىنىڭ بېشىدىكىسىنى مامبرىن-
نىڭ ئالتۇن دۇبۇلغىسى دەۋالىدۇ، بىراق سانچو بولسا سا-
تىراش ئىشلىتىدىغان مىس داس دەپ تۇرۇۋالىدۇ. كېيىنكى
بابلاردا ئۇ ئىككىسى بۇ نەرسە ھەققىدە كۆپ دەتالاش قى-
لىشىدۇ. سانچو ئەڭ ئاخىر بۇ نەرسىنى داس دۇبۇلغا دە-
ئاتايدۇ. بۇ مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما مەۋجۇت بولماسلىقى-
مۇمكىن ئەمەس نەرسە. روماندا شەيئىلەرنىڭ ئېنىقسىز-

لىقى قەدەمدە بىر دىگوُدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا گەپ كەتمەيدۇ. خۇددى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئوبزورچىلار كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، سېرۋانتېس يالغۇز ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى تاشقى دۇنيانى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىشقا ئۈندەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنى ئۆز كۆزلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەسلىككە ئاگاھلاندۇرىدۇ.

«دونكىخوت» ياۋروپا رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسەردە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۇرەتلەشكە ۋە ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنى قۇراشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن، شۇنداقلا ۋەقەلىكلەرنى ئالماشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئەسەردە تىپىك ئوبراز يارىتىشنىڭ مۇبالىغىلەشتۇرۇش ۋە كومېدىيىلىك ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئۇسۇلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ خىل ئۇسۇل ئۆز نۆۋىتىدە روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىشقا توسالغۇ بولۇپمۇ قالغان، بۇنى ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى دېمەي تۇرالمايمىز. رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى رومانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ باش قەھرىمانىنىڭ جاھان كېزىشىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر-

نىسبەتەن چېچىلاڭغۇراق بولۇپ، بۇ ھال رومانچىلىقنىڭ بەدىئىي شەكلىنىڭ تېخى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتـ. قانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. رومانىنىڭ تىلى تەسىرلىك ھەم ئىپادىلەش كۈچىگە باي، پېرسوناژلاردىكى خاسلاشتۇرۇلغان، بولۇپمۇ سانچونىڭ تىلىدا نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەر ئۇچرايدۇ، بۇ ھال تىلدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى شە. كىللەندۈرگەن.

سېرۋانتېس يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان پروزىچىلى. قىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقۇچى. ئۇنىڭ يىرىك ئە. سىرى «دونكىخوت» بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۆز چاقنىتىپ تۇرماقتا، كىشىلەر ھېلىھەم ئۇنىڭ مول مەزمۇنلىرىنى تەتقىق قىلماقتا. كۆپ ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دونكىخوت بىلەن سانچو توختىماستىن جاھان كېزىۋاتىدۇ، سېرۋانتېسنىڭ نامىمۇ ئۇ ئىككىسى بىلەن بىللە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تونۇلۇۋاتىدۇ، بۇ ئىسىملار دۇنيا ئەدەبى. يات ئابىدىسىگە ئەبەدىيلىك پۈتۈلگۈسى.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئىسپانىيە ئىلگىرى بىر قىسىم بۆلۈنمە ھالەتتىكى پادىشاھلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسپانىيە مورلار (ئافرىقىنىڭ

شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى بىر مىللەت)نىڭ ھۆكۈمرانلىد-
قىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى
بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللەندى، كولۇمبونىڭ
يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقىشى بىلەن، ئىسپانىيە نۇرغۇن
زېمىنلارنى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، بايلىق ۋە
مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ، دۆلەت
خەزىنىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىللىرىدە، يەنى 1519 ـ يىللىرىدا كارلوس
I «مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى»نىڭ پادىشاھى بولغاندىن
كېيىن، ئىسپانىيە بىر مەھەل ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئە-
لىرىگە خوجىلىق ـ زومىگەرلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك
پادىشاھلىق بولۇپ قالدى، كىرىۋاتقان غايەت زور بايلىق ۋە
تاشقى سودا پائالىيەتلىرى دۆلەت ئىقتىسادىغا نىسبەتەن
تۈرتكىلىك رول ئويناپ، كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى
بىر مەھەل گۈللەندۈردى، گۇمانىزملىق ئىدىيىلەرنىڭ
تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھالبۇكى، ئىسپانىيىنىڭ
كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى يېتەرلىك
تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەي قالدى. مۇستەبىت پادىشاھلىق
ھاكىمىيەت سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز تۈردە تاجاۋۇزچىلىق
ئۇرۇشى قوزغىدى، دۆلەت ئىچىدە بولسا، شەھەر ـ يېزىلار-
دىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇردى، يەنە تېخى دىنىي جەمئىيەت
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ

ھەممىسىنىلا نابۇت قىلىۋەتتى. كاتولىك دىنىنىڭ مەھ-
كىمە شەرئىسى يات دىن مۇرىتلىرىنى شەپقەتسىزلەرچە
جازالاپ، مۇستەبىت سىياسىي تېررورىستىك ھۆكۈمران-
لىقنىڭ قورالىغا ئايلاندى. فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈم ۋە
كاتولىك دىنىنىڭ قوش زۇلۇمى ئاستىدا، ئىسپانىيىنىڭ
شەھەر كۈچلىرى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، دېھقانلار تې-
خىمۇ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا دۇچار
بولدى ھەمدە قاتتىق نامراتلىق ئازابىنى تارتتى. 16 ـ ئە-
سىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىسپانىيە ئىقتىسادى زاۋال-
لىققا يۈزلەندى. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: ئەينى
چاغدىكى ئىسپانىيە ئاقسۆڭەكلەر سىياسىسى گەرچە زا-
ۋاللىققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنىڭ ئەڭ قەبىھ
ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالغانىدى، شەھەرلەر گەرچە ئۆزلى-
رىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم بولغان
بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى زامان شەھەرلىرى ئىگە بولغان
مەنىلەرگە ئىگە بولالمىغانىدى. فېئودال مۇستەبىت ھا-
كىمىيەت ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ زۇلمەتلىك
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى
تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، سىنىپىي كۆرەشلەر قاتتىق
ئۆتكۈرلەشتى، خەلق قوزغىلاڭلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆ-
تۈرۈلۈشكە باشلىدى.

يۇقىرىقىدەك تارىخىي ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلىدىن،

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيىدە گەرچە بىر قىسىم گۇمانىزمچى ئىلىم ئەھلىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، بىراق ئىسپانىيىنىڭ بۇرژۇئا گۇمانىزملىق ھەرىكەتلىرى يېتەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدى. بۇ مەزگىللەردە ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان ئاق سۆڭەك رىتسارلار ئەدەبىياتى، يېزا ـ قىشلاق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ۋاقىتلىق گۈللىنىپ، ھەممىلا يەرگە يامراپ، بىر ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلاندى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شەھەرلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئەسىر شەھەر ئاھالىسى ئەدەبىياتى ئاساسىدا، يېڭىچە بىر خىل ھېكايىچىلىق ــ «سەرگەردانلىق ھېكايىلىرى» بارلىققا كەلدى، بۇ خىلدىكى ھېكايىلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى سودىگەرلەرمۇ، بۇرژۇئازىيە سىنىپىمۇ ئەمەس، بەلكى سەرگەردانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم كەسپىمۇ، ئىجتىمائىي ئورنىمۇ يوق ئىدى، ئۇلار پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئۇلاردا گەرچە ئادالەتسىز جەمئىيەتكە نىسبەتەن قارشىلىق بولسىمۇ، زۇلمەتلىك جەمئىيەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ھەممىشە بىر خىل ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنى ئىپادىلەيتتى. ئەينى چاغدا بىرقەدەر ئۇتتۇقلۇق چىققان سەرگەردانلىق ھېكايىسى «تازچاق» ئىدى. سەر ـ

گەردانلىق ھېكايىلىرى ئىسپانىيىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىغا بەلـ گىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

دونكىخوت: «زالىملاردىن قورقمايدىغان، ئۆلۈمگە پەـ سەنت قىلمايدىغان»، ئەل ئارىسىدىكى تەڭسىزلىكلەرنى يوق قىلىشقا بەل باغلىغان شەخس. ئۇ كومېدىيىلىك تۈسكە باي پېرسوناژ بولۇپ، رىتسارلار ھەققىدىكى ھېكاـ يە ـ رومانلارنى كۆپ ئوقۇيدۇ، ئۇ ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئوـ قۇۋەرگەچكە، ئۇنىڭ كاللىسى جاھان كېزىپ تەۋەككۈلچىـ لىك قىلىش ھەققىدىكى بىمەنە خىياللار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، ئاللىبۇرۇنلا ۋاقتى ئۆتكەن رىتسارلىق روھىنى رېئال تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ كېلىش نىيىتى ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ باي بولۇش كويىدا يۈرگەن ساددا دېھقان سانچو پانسانى قايىل قىلىپ، ئۇنى ئەگەشتۈـ رۈپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ سەپەر جەريانىدا بىر قاتار كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ، ئازابنى يەتكۈچە تارتىدۇ ۋە ھەزىلكەش، ھەييار، كومېدىيىلىك پېرسوناژغا ئايلىنىدۇ.

ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ۋاقىتتىكى دونكىخوت گۇماـ نىزملىق ئىدىيىلەرنىڭ قىزغىن تارقاتقۇچىسى، كۆپنى

بىلىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق دانىشمەن، ئەقلى - ھوشىدىن ئازغاندا بولسا، كەلسە - كەلمەس ئاتاكىغا ئۆتۈپ، كۆزىگە كۆرۈنگەننىلا قىر - چاپ قىلىدىغان بىر تەلۋە.

بۈگۈنكى كۈندە، دونكىخوتنىڭ ئىسمى ھەممىگە تو-نۇشلۇق ئىسىمغا ئايلىنىپ، ئەمەلىيەتتىن چەتنەش، خام خىيالغا بېرىلىش، سۇبيېكتىۋىزملىق قاتارلىقلار بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ قالدى. دونكىخوتنىڭ ئۆزىمۇ دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارالغان تىپىك پېرسوناژلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

**سانچو پانسا:** ھەم دونكىخوت بىلەن قارىمۇقارشى بولغان، ھەم ئۆزئارا تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان ئوبراز، ئىسپانىيە دېھقانلىرىنىڭ تىپى. ئۇ ياش، پاكار ھەم دوغىلاق كەلگەن، ئەمەلىيەتچىل ئادەم بولۇپ، ئىسپانىيە دېھقانلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئۇمىدۋار روھى ئۇنىڭدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇھەببەت - نەپرەتى ئېنىق، ئوچۇق - يورۇق، سەزگۈر، ئىشتا كەسكىن، قىزىقچى - يۇمۇرىستىك شەخس بولۇپ، پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن باي بولۇشنىلا، خوتۇن - بالىلىرىنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈشنىلا ئويلايدۇ. سانچو ئىسپانىيىلىك بىر يوقسۇل دېھقان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭ نامرات تۇرمۇشىنى ھېسداشلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا، ئۈمىدۋار خاراكتېرىنى

ئىپادىلەپ بېرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ باش ۋالىي بولۇشىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق ئاۋام خەلقتىن بولغان بۇ ئاددى دېھقاننىڭ پاك ـ دىيانەتلىك، توز كۆڭۈللۈك بولۇشتەك ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى، ئىقتىدار ـ قابىلىيىتىنى ۋە پەم ـ پاراسىتىنى گەۋدىلىك نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

بىز سېرۋانتېسنىڭ «دونكىخوت» رومانىنى يالغۇز رىتسارلار ئەدەبىياتىنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالغان ئەسەر دەپلا قارىماسلىقىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ئاللىبۇرۇنلا ئادەتتىكى مەنىدىكى ساتىرىك ئەسەرلەردىن ھالقىپ كەتكەن. بىز مەزكۇر رومانىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، يالغۇز ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە دىققەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە دونكىخوتتىن ئىبارەت بۇ تىپىك ئوبرازنى ئىگىلەشكە ۋە بۇ ئوبرازنىڭ قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

ئىش ـ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، دونكىخوت ئىجتىمائىي رېئاللىققا ئېتىبارسىز قارايدىغان، تولىمۇ بىمەنە، ھەتتا نېرۋىسىدىن ئاداشقان ساراڭ دېيىشكىمۇ بولىدىغان شەخس: ئۇ شامال تۈگمىنىنى گىگانت مەخلۇق دەپ قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ؛ پادىچىلار ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئىككى پادا قوينى ئىككى قوشۇن دەپ بىلىپ ئاتاكىغا ئۆتىدۇ ۋە

قىر ـ چاپ قىلىندۇ؛ ئۇ ئىنسان دېگەن تۇغۇلۇشىدىنلا ئەر- كىن بولىدۇ دەپ قاراپ، بىر توپ جىنايەتچىنى قويۇۋېتە- دۇ، نەتىجىدە جىنايەتچىلەر ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، سانچو بىلەن دونكىخوتنى تازا دۇمبالايدۇ؛ ئۇ يەنە شىر يۆتكەۋاتقان هارۋىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قە- پەستىكى شىر بىلەن دۇئېلغا چۈشىمەن دەپ تۇرۇۋالى- دۇ.... ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ھەقىقەتەن تولىمۇ غەلىتە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنى ساراڭ دەپ قارىشىمۇ ئەجەبلە- نەرلىك ئەمەس. بىراق مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇغان چاغدا، بىز ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپلا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئۇنى ساراڭغا چىقىرىۋەتسەك بولمايدۇ، بىز ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ئوي ـ پىكرىدىن قول سېلىپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشىدىكى سەۋەبنى كۆرۈشىمىز لازىم. بۇنداقتا مەسىلە يازغۇچىنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسىگە چېتىلىدۇ ۋە رومانىنى ئوقۇغان چاغدا كۆڭۈل قويۇپ ھېس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دونكىخوت خاراكتېرىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتتىكى بى- مەنىلىك ۋە ئىدىيىدىكى سوغۇققانلىق ـ جىددىيلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىقنىمۇ توغرا ئىگىلەش لازىم. دونكىخوتنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى گەرچە بىمەنە بولسى- مۇ، بىراق ئۇ ئىدىيە، ئوي ـ پىكىر جەھەتتە تولىمۇ سو- غۇققان: ئۇنىڭ رىتسارلىق قىلىشى كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن

ئەمەس، ئۇ رىتسارلىقنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق ۋە بەجاندىللىق بىلەن قىلىدۇ. دونكىخوتنى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تەڭسىزلىكىنى تونۇپ يەتكەن ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان، بىراق بۇ ئىشنى قانداق قىلىشنى بىلمىگەن ۋە ئەڭ ئاخىردا بۇ دۇنيانى رىتسار سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزگەرتمەكچى بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى دۈشمەنلەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن باتۇرلۇق بىلەن قەتئىي بوشاشماستىن ھۇجۇم قىلىدۇ، بىراق ھە دېگەندىلا مەغلۇپ بولىدۇ، ئەڭ ئاخىردا بولسا ئەقلى ـ ھۇشىنى تېپىپ، بۇنداق ئۇسۇل بىلەن بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور دونكىخوتتىن ئىبارەت بۇ ئوبرازغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى سىڭدۇرگەن، ھەرگىزمۇ ئۇنى نوقۇللا كۈلكە خۇرۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان. رومانىنى ئوقۇغاندا، بۇ تەرىپىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

دونكىخوتتىن ئىبارەت بۇ ئوبراز سېرۋانتېسنىڭ نۇرغۇن شەخسىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن دونكىخوتنى سېرۋانتېسنىڭ سىماسى دېيىش مۇمكىن. ئاپتور دونكىخوتنىڭ ئاغزى ئارقىلىق «بۇ دۇنيا تالانتلىقلارنى ۋە نادىر ئەسەرلەرنى باش كۆتۈرگۈزمەيدۇ» دەيدۇ. سېرۋانتېس بىر ئۆمۈر ئازاب چەكتى، باش كۆتۈرگۈسىز بېسىملارغا دۇچ

كەلدى. ئۇنىڭ ھاياتىنى، سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە ئىدىيىسىنى چۈشىنىشىنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇشقا زور ياردىمى بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئەسەرنى «سېرۋانتېس» ناملىق كىتابقا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئوقۇرمەنلەر قىزىقسا، «پروزا سەنئىتى» (سەنلىيەن نەشرىياتى 1992 ــ يىلى نەشر قىلغان، ئاپتورى مىلان كۇندىرا)دىن پايدىلىنىپ «دونكىخوت»نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىۋالسا بولىدۇ.

مەزكۇر كىتابنىڭ بەزى بابلىرى زىيادە ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ھال ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ ئىزچىللىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىپسىل بابلارنى نۇقتىلىق ئوقۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىپسىل بابلىرى ئاساسەن ئەسەرنىڭ باشلانمىسى ۋە ئاخىرىسىغا مەركەزلەشكەن. دونكىخوتنىڭ شامال تۈگمىنى بىلەن ئېلىشىشى، شىرغا جەڭ ئېلان قىلىشى، قوي پادىسىغا ھۇجۇم قىلىشى، دونكىخوتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، شېئىرىيەت ۋە ئەمەلدارلار ھەققىدىكى بايانلىرى، دونكىخوتنىڭ ئاشىقى دولسىنىيەنى يوقلىشى قاتارلىق بابلار ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك تەسۋىرلەرگە ئايلاندى، دونكىخوتنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىمۇ مۇشۇ بابلاردا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY0OTIuemlw",
"filename_decoded": "40326492.zip",
"filesize": 11295839,
"md5": "51042448f0166c003dd1b33c52408f4c",
"header_md5": "8e389b275bac9652d6dc6e6288139623",
"sha1": "6a462f5543e201454ea6287cf86d1369367783b3",
"sha256": "b2a11701d67e85173817618c96bfaa14eb042700e1934f6fab808924c9644563",
"crc32": 2697340055,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 11567545,
"pdg_dir_name": "\u2560\u255e\u255d\u00ac\u250c\u00a1\u2561\u252c\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326492",
"pdg_main_pages_found": 211,
"pdg_main_pages_max": 211,
"total_pages": 223,
"total_pixels": 633565920,
"pdf_generation_missing_pages": false
}